جۇڭگو خەلق قوشاقلىرى، ماقال - تەمسىللىرى توپلىمى

شىنجاڭ تومى

مارالبېشى قىسمى

# ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

مارالبېشى ناھىيىلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى «ئۈچ توپلام»
تەييارلاشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى تۈزۈپ باستۇردى

جۇڭگو خەلق قوشاقلىرى، ماقال-
تەمسىللىرى توپلىمى شىنجاڭ تومى
مارالبېشى قىسمى

بىر تۇتاش نومۇرى: 290802

# ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

(ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدۇ)

مارالبېشى ناھىيىلىك خەلق ئېغىز ئەدە-
بىياتى «ئۈچ توپلام» تەييارلاشقا
رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى
تۈزۈپ باستۇردى

جوڭگو خەلق قوشاقلىرى، ماقال-تەمسىللىرى توپلىمى شىنجاڭ تومى

مارالبېشى قىسمى

# ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

مارالبېشى ناھىيىلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى «ئۈچ توپلام» تەييارلاشقا

رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى تۈزۈپ باستۇردى


«قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى

فورماتى 1092 × 787 مم. 1/32، 3.375 باسما تاۋاق

1989 - يىل 9 - ئاي، 1 - نەشرى

تىراژى: 3000


كىتاب نومۇرى: 35




تۇمشۇق ـ مازار خوجام



تۇمشۇق ـ ئوقۇر مازدرى




شاقۇ ـ سائادەنبەگ گۇمبەزى



توقغۇز ساراي ـ بورىچى تاغ



حەلق ئېغىز ئەدەبىياتى «ئۈچ توپلام» رەھبەرلىك گۇرۇپ-
پا ۋە تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى



خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى «ئۈچ توپلام» رەھبەرلىك گۇرۇپ-
پا ئەزالىرى ۋە تەھرىر ھەيئەتلىرى مۇزاكىرىدە

# 民间文学永放光彩

刘原兴
一九八九年六月

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مەڭگۈ چاقنايدۇ.

(ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ليۇيۈەنشىڭنىڭ بېغىشلىمىسى)

يازما ئەدەبىياتىمىزنىڭ

مەنبەسى - خەلق ئېغىز

ئەدەبىياتى بىزنىڭ قىممەتلىك

بايلىقىمىزدۇر

ئەخمەت قاۋۇل

6.1989

(ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى ئەخمەت قاۋۇلنىڭ بېغىشلىمىسى)

## مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ مەمۇرى خەرىتىسى



# كىرىش سۆز

ئۇيغۇر خەلق بېيىت- قوشاقلىرى — ئەدەبىي مىراسلىرىمىز ئىچىدىكى تارقىلىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ، ئەڭ چوڭقۇر، تەسىر دائىرىسى ئەڭ كۈچلۈك بولغان ژانىرلارنىڭ بىرى بولۇپ، مەدەنىيەت، سەنئەت خەزىنىمىزنىڭ قىممەتلىك بايلىقى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق بېيىت- قوشاقلىرى — ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن باشلاپلا دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۇ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئورتاق ئىجادىيىتىنىڭ مەھسۇلى.

ئۇيغۇر خەلق بېيىت- قوشاقلىرى — كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ رېئال تۇرمۇشىدا ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرى، ئەمگەكلىرى، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش يولىدا چەككەن جاپا - مۇشەققەتلىرى، ئېكسپىلاتاتسىيىگە، زالىم-زوراۋانلارغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى، چىن مۇھەببىتى ۋە كىشىلەرنى ئەدەب - ئەخلاققا ئۈندەيدىغان پەندى-نەسىھەتلىرى قاتارلىق مول مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىدەك ئالاھىدىلىكى بىلەن كىشىلەرگە ئىستېتىك زوق بېغىشلايدۇ، ئۇ، ئاممىباب، جانلىق بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى تېز قوبۇل قىلىپ، يادلىۋېلىپ، ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ، ئۇنى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. جۈملىدىن ئەمگەكچان، سەنئەتخۇمار البېشى خەلقى ئۇيغۇر خەلق بېيىت- قوشاقلىرى، ماقال-تەمسىللىرىدىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ، ئەمگەك ۋە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدە ئىز-

چىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. بولۇپمۇ مارالبېشى خەلقىنىڭ ئاتا بوۋىلىرىدىن تارتىپ، بىردىن - بىر ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى بولۇپ كېلىۋاتقان «دولان مەشرەپى» دە خەلق بېيىت-قوشاقلىرى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ، ئۇلار دولان نەغمىلىرىگە تەڭكەش قىلىنىدىغان ئاخشىلىرىدا، مەشرەپتىكى قىز - يىگىتلەر چېنە، دەرە ئويۇنلىرىدا بىر-بىرىگە بېيىت ئېيتىشتا خەلق بېيىت - قوشاقلىرىنى كەڭ قوللىنىپ كەلگەن.

ھۆرمەتلىك كىتابخان! «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»، «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى»، «ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن ئىبارەت «ئۈچ توپلام» نىڭ جۈملىسىدىن بولغان بۇ توپلامغا مارالبېشى خەلقى ئىچىدە كەڭ تارقالغان تۆرلۈك مەزمۇندىكى بىر قىسىم قوشاقلار، بېيىتلار ۋە ئاخىرىدا بىر قىسىم خەلق ماقال - تەمسىللىرى كىرگۈزۈلدى.

ئۇزاق يىللاردىن بۇيان، خەلق ئەدەبىي مىراسلىرىنى توپلاش، قېزىش، رەتلەش خىزمىتىگە سەل قارالغانلىقى، خەلق بېيىت - قوشاقلىرىنى كۆپ بىلىدىغان پېشقەدەملەرنىڭ ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكى، ھالىمانچىلىق يىللىرىدا خەلق بېيىت-قوشاقلىرىغا دائىر بەزى يازما ماتېرىياللارنىڭ يوقىلىپ كەتكەنلىكى، شۇنداقلا، سەۋىيىمىزنىڭ چەكلىك بولغانلىقى سەۋەبىدىن بۇ توپلامنىڭ تولۇق ۋە مۇكەممەل بولماي قېلىشى تەبىئىي، كەڭ كىتابخانلارنىڭ تەنقىد ۋە تۈزىتىش بېرىشىنى سورايمىز.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى «ئۈچ توپلام» تەھرىرگۇرۇپپىسى

1989- يىل، ئىيۇن.

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى «ئۈچ تۇپلام» رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئەزالىرى ۋە تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى:

ئابدۇۋېلى ھەسەن
ئاۋۇت سابىر
ھەسەن سايىت
ئەمەتجان قېيىيۇم
كېرىم ھېيت
ئەخەت داۋۇت
ئېيسا سايىم
نىياز قېيىيۇم
تۇرغۇن راخمان

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەمەتجان قېيىيۇم
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلەت جۇمە

# مۇندەرىجە


خەلق قوشاقلىرى (4204) ............................ 1

مۇھەببەت بېيىتلىرى (4400) ............................ 25

ماقال ـ تەمسىللەر (5000) ............................ 87

# خەلق قوشاقلىرى

(4204)



# پارتىيە ھەققىدە

خامانلاردا ئالتۇن دان،
تەڭرىتاغقا تەڭ بولدى.
پارتىيىنىڭ دەۋرىدە،
دوستىخىنىمىز كەڭ بولدى.

ئوخشىتىپتۇ مانتىنى،
ئاشپىزىمىز قاسقاندا.
پارتىيە قۇۋۋەت بىرگە،
ھەر بىر قەدەم باسقاندا.

ئىشقا چۈشتى تراكتور،
كەڭ ئېتىزنىڭ بېشىدىن.
مەڭگۈلۈككە تۇتتۇق بىز،
پارتىيىنىڭ پېشىدىن.

ئېرىق چېپىپ، سۇ قويدۇق،
مايسىلىققا - ئېتىزغا.
بەخت بەردى پارتىيەم،
ياش - قېرى، ئوغۇل - قىزغا.

يېتىپ كەلدى تۇرنىلار،
بۇلۇت بىلەن تەڭ ئۇچۇپ.

يول باشلىغاچ پارتىيەم،
ماڭدۇق ئالغا شان قۇچۇپ.

ئايدىڭ قىپتۇ ھەر ياقنى،
ئاسماندىكى تولۇن ئاي.
پارتىيىنىڭ ۋاقتىدا،
قازان ماي، چۆمۈچمۇ ماي.

قۇياش چىققىنى تاڭ بىلەن،
ئۈستىمىزگە نۇر چېچىپ.
باشلاپ ماڭدى پارتىيەم،
بىزگە پارلاق يول ئېچىپ.

مارالبېشىنىڭ يېرىدە،
بۇغداي، كېۋەز ئوخشايدۇ.
پارتىيىنى مەدھىيىلەپ،
كىممۇ قوشاق قوشمايدۇ!؟

ئوغۇت بەردۇق، سۇ بەردۇق
زىرائەتكە، ئوتياشقا.
پارتىيىمىز ئوخشايدۇ،
ئاسماندىكى قۇياشقا.

ئاسماندىكى ئەگمە ئاي،
خۇددى ياغا ئوخشايدۇ.
پارتىيىگە مېھرىمىز،
چوڭ دەرياغا ئوخشايدۇ.

چوڭ يول بويى چوڭ ئۆستەڭ،
ئىككى چېتى تېرەكلىك.
پارتىيىمىز بىزلەرگە،
سۇ، ھاۋادىن كېرەكلىك.

ئەل تورۇقنى ماختايدۇ،
ئاتنىڭ ياخشىسى جەدە.
بولمىسا گەر پارتىيە،
بىزگە بۇ بەخت نەدە.

دېرەك بەرگەن باھاردىن،
تۇرنىلارنىڭ پەرۋازى.
پارتىيىنىڭ يولىدىن،
يۈزمىڭ-قېتىم بىز رازى.

قۇشنى پەرۋاز قىلدۇرغان،
بىر جۈپ كۆچلۈك قاناتى.
پارتىيىسىز خەلقنىڭ،
بولماس ياخشى ھاياتى.

ئاسماندىكى ھۆكەرنىڭ،
باشقىچىدۇر بەلگىسى.
پارتىيە بار، يورۇقتۇر —
ئەمگەكچىنىڭ كەلگۈسى.

پارتىيىنىڭ ۋاقتىدا،
كۆككە يەتتى بېشىمىز.

ئۇزارماقتا كۈنسېرى،
خۇشاللىقتا يېشىمىز.

تۇپلىغۇچى: ناھىيىلىك مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسىدىن ئەمەتجان قېيۇم

ئۆستەڭ چېپىپ بىنامغا،
كۈمۈش سۈنى باشلىدۇق.
پارتىيىنىڭ ۋاقتىدا،
خۇشال بولدۇق، ياشىدۇق.

ئىش ـ ئەمگەكتە چېنىقىپ،
ساغلام بولدى تېنىمىز.
پارتىيىنىڭ دەۋرىدە،
پۈتۈن بولدى نېنىمىز.

مارالبېشى يېرىدىن،
كۆپلەپ چىقىدۇ ئاشلىق.
پارتىيىنىڭ ۋاقتىدا،
گۈلدەك ئۆتىدۇ ياشلىق.

باققا كىرسەڭ سەيلىگە،
بۇلبۇل خۇشال سايرايدۇ.
پارتىيىنىڭ دەۋرىدە،
كۆڭۈل خويمۇ يايرايدۇ.

«بەشتە ياخشى» بولۇپ بىز،
شەرەپ گۈلى تاقىدۇق.

پارتىيىگە ھەممىمىز،
قەلبىمىزنى ئاتىدۇق.

بۇ يىل كۆپ ھوسۇل ئالدى،
بىزنىڭ يۇرتىمىز ـ ئاۋات.
پارتىيىنىڭ ۋاقتىدا،
تۇرمۇش بولدى باياشاد.

ئۆستەڭ بويى گۈزەلكەن،
تەنگە ياقتى ھاۋاسى.
پارتىيىنىڭ سۆزلىرى،
ھەر يۈرەكنىڭ داۋاسى.

مەي بولۇپ پىشىپ كەتتى،
يېڭى باغدا ئۆرۈكۈم.
پارتىيىدىن نۇر ئەمگەچ،
كۈچكە تولدى يۈرۈكۈم.

ئۈچكە چاقسام ئىچىدىن،
چىقتى بىر جۈپ ئاق مېغىز.
پارتىيە زامانىدىن،
بىز دېھقانلار رازى بىز.

گۈل ئەمەسمۇ بۇلبۇلنى،
ئۆز ئىشقىدا سايراتقان.
سەن ئەمەسمۇ پارتىيە،
يوقسۇللارنى يايراتقان.

ئۆستەڭ چېپىپ بوز يەرگە،
تاغ سۈيىنى باشلىدۇق.
پارتىيىنىڭ ۋاقتىدا،
قىزىلگۈلدەك ياشنىدۇق.

ئېچىلىپتۇ باغلاردا،
خۇش پۇراقلىق قىزىلگۈل.
پارتىيىمىز بولغاچقا،
كەلگۈسىگە سالدۇق ئۇل.

رادىيودىن ئاڭلايمىز،
يېڭى خەۋەر، ناخشا - ساز.
پارتىيىنىڭ دەۋرىدە،
كەلدى بىزگە باھار - ياز.

يارىشىپتۇ ئەجەپمۇ،
يول بويىغا سۈۋادان.
پارتىيىنىڭ دەۋرىدە،
تۇرمۇش بولدى پاراۋان.

قاتار - قاتار ئىمارەت،
يول ئۈستىگە ياراشقان.
خەلقىمىزنىڭ يۈرىكى،
پارتىيىگە تۇتاشقان.

قوغۇنلارنىڭ ئىچىدە،
ئاق ناۋاتتۇر تاتلىقى.
پارتىيە زامانىدا،
تاشتى كۆڭۈل شادلىقى.

توپلىغۇچى: مارالبېشى بازارلىق پارتكومدىن ۋاھىتجان سايىم

# ئارمىيە ھەققىدە

بېغىمدىكى ئەنجۈرۈم،
پىشتى راسا مەي باغلاپ.
كۈرەش قىلدىڭ ئارمىيەم،
بەختىمىزنى سەن ئويلاپ.

شەرەپ گۈلى قادالدى،
ئىش ـ ئەمگەكتە ياخشىغا.
ئارمىيەمنىڭ روھىنى،
ئوخشىتىمەن قۇياشقا.

لامپۇچكىنىڭ نۇرلىرى،
ئۆينى قىلار كۈندۈزدەك.
كۈلۈپ تۇرار ئارمىيەم،
ھەر يۈرەكتە قۇياشتەك.

تاما ـ تاما سۇلارمۇ،
بۇلاق بولۇر، كۆل بولۇر.
ئارمىيەمنىڭ قەدىمى،
تەككەنلا جاي گۈل بولۇر.

ئاق كەپتەرىم بار مېنىڭ،
پەرۋاز قىلار ھاۋاغا.
جاسارەتلىك ئارمىيەم،
باش ئەگمەيدۇ جاپاغا.

ئاينى نۇرلۇق دەيدىكەن،
كۈندەك يورۇق بېرەلمەس.
قۇدرىتىگە ئارمىيەم،
دۈشمەنلەر تەڭ كېلەلمەس.

يېڭى چاپقان ئۆستەڭدە،
سۇلار ئاقار دولقۇنلۇق.
ئارمىيەمگە مۇھەببەت،
قەلبىمىزدە يالقۇنلۇق.

يەر چىشلىتىپ دۈشمەننى،
بۇزۇق نىيەت شۇمپەننى.
ئاسرىدىكەن ئارمىيەم،
ئۇلۇغ ئانا ۋەتەننى.

ھەممە يەردە بار خامان،
خاماندا تولا ئاش - دان.
سەن بولغاچقا ئارمىيەم،
بىز ياشايمىز تىنچ - ئامان.

بىنام يەرنىڭ ھەممىسى،
بۇغدايلىقكەن، ئېگىزكەن.

جاسارىتىڭ ئارمىيەم،
قايناپ - تاشقان دېڭىزكەن.

پارلاق بىزنىڭ يولىمىز،
قىزىل بايراق نۇرىدا.
چۆللەر چىمەن باغ بولدى،
ئارمىيەمنىڭ قولىدا.

خامان ئالدۇق، تاغ ئالدۇق،
دانغا تولدى ھەممە ياق.
نەگە بارسا ئارمىيەم،
ئاما بىلەن ئىتتىپاق.

باغلاپ ئەلگە مۇھەببەت،
قىلىپ غەيرەت زىيادە.
ھەر بىر ئىشتا ئارمىيەم،
بولدۇڭ غالىپ ھامانە.

مېۋىلەر پىشىپ كەتتى،
شەرۋەتلىرى تۆكۈلۈپ.
ئېگىمىزنى ئۆستۈردۇق،
ئارمىيەدىن ئۆگىنىپ.

مېڭىپ تۇرار ماشىنا،
ئازادە كەڭ يوللاردا.
ئارمىيەمنىڭ تەرىپى،
داستان بولدى تىللاردا.

يېزىمىزدا ئىشلەيمىز،
چىقىپ مېھنەت قەنتىنى.
جاپا - مۇشكۇل پۈكەلمەس،
ئارمىيەمىنىڭ قەددىنى.

يېڭى زامان قوينىدا،
كۈلۈپ كەتتى بەختىمىز.
ئارمىيەمدىن مەڭگۈگە،
ئايرىلمايدۇ قەلبىمىز.

قىسىۋالدىم چېكەمگە،
يېڭى باغنىڭ گۈلىدىن.
ئۆگىنىمەن ھەر ۋاقىت،
ئارمىيەمنىڭ روھىدىن.

باش ئەگمەيدۇ قاردىغاي،
جۇدۇن - چاپقۇن سوغۇقتا.
ئارمىيەمنى مەدھىيىلەپ،
قاتتىم ناخشا - قوشاقتا.

توپلىغۇچى: ئەمەتجان قېيۇم.

لاچىن ئۇچار پەلەكتە،
كاككۇك سايرار تېرەكتە.
ئارمىيەمگە مېھرىمىز،
جۇش ئۇرىدۇ يۈرەكتە.

دۇتارىمۇ ساز مېنىڭ.
راۋابىمۇ ساز مېنىڭ.
ئارمىيىمىز بولغاچقا،
ئۆمرۈم باھار — ياز مېنىڭ.

نەقىش ئويدۇق سېغىزدىن،
تىزدىق ئەتتۇق مېغىزدىن.
ئارمىيىنى مەدھىيىلەپ،
چۈشۈرمەيمىز ئېغىزدىن.

ئۆستۈردۇق ئانار، بېھىنى
قىلىپ پەرۋىش ئەقىدە.
ياڭرىتىمىز مەڭگۈگە،
ئارمىيىگە مەدھىيە.

توپلىغۇچى: ۋاھىتجان سابىر

# ماۋجۇشى ھەققىدە

ئاپتاپپەرەس تېرىساق،
كۈنگە قاراپ ئېچىلدى.
ماۋجۇشىنىڭ دەۋرىدە،
بىزگە نۇرلار چېچىلدى.

يېزىمىزغا ياراشتى،
بىز قويغان سۆگەت، تېرەك.
ماۋجۇشى زامانىدا،
ھەل بولدى ئارزۇ ـ تىلەك.

قۇياش چىقتى تاڭ بىلەن،
يەر ـ جاھاننى قىزارتىپ.
بەخت بەردى ماۋجۇشى،
ئۆمرۈمىزنى ئۇزارتىپ.

سۇ ئاقىدۇ ئېرىقتا،
شىرىلدىشى يېقىملىق.
ماۋجۇشىنىڭ سۆزلىرى،
بىزنى قىلار ئەقىللىق.

ئېتىزلارنىڭ بېشىغا،
دۆۋىلەۋەتتۇق ئوغۇتنى.
ماۋجۇشىمىز يوق قىلدى،
باشتىن قارا بولۇتنى.

يەر تېرىشتا قوللاندۇق،
يېڭى ئۇسۇل ـ چارىنى.
ماۋجۇشىمىز تونۇتتى،
بىزلەرگە ئاق ـ قارىنى.

سۇ ئاچساق ئېتىزلارغا،
مايسىغا يېقىپ كەتتى.
ماۋجۇشىغا مېھرىمىز،
دەريادەك ئېقىپ كەتتى.

ئاپتاپپەرەس تېرىدۇق،
ئېتىز ـ ئېرىق قىرىغا.
نۇر تولدۇردى ماۋجۇشى،
كەمبەغەللىنىڭ دىلىغا.

تاغ ياسىدۇق خاماندا،
بۇغداي، قوناق، پاختىدىن.
قايسى كىشى شادلانماس،
ماۋجۇشىنىڭ ۋاقتىدىن.

ساناپ بولماس يۇلتۇزنى،
چەكسىزدۇر ئۇنىڭ سانى.
ماۋجۇشى بىلەن كەلدى،
يوقسۇللىنىڭ شەرەپ ـ شانى.

بېغىمىزدا قىزىلگۈل،
ئېچىلدى زەپ چىرايلىق.
ماۋجۇشىمىز كەلتۈردى،
بىزگە بەخت ـ ئازادلىق.

مەزمۇت ئەلنى تاغلىرى،
كۆرۈنىدۇ ئۇزاقتىن.
قۇتۇلدۇردى ماۋجۇشى،
بىزنى زۇلۇم-دوزاقتىن.

كەلدى ئازاد دەۋرىمىز،
تۈگەپ كەتتى دەردىمىز.
ماۋجۇشىنىڭ دەۋرىدە،
تاغدەك ئۆستى قەددىمىز.

كەيمەكتىمىز كەڭتاشا،
فابرىكىنىڭ رەختىنى.
ئۇلۇغ داھى كۈلدۈردى،
يوقسۇللارنىڭ بەختىنى.

يېزىمىزنىڭ يايلىقى،
چارۋىلارغا تولدى لىق.
ماۋجۇشىنىڭ دەۋرىدە،
ئەمگەكچىنىڭ بەختى جىق.

قوغۇن تېرىسام سايدا،
تىلنى ياردى شەربىتى.
ماۋجۇشىنىڭ دەۋرىدە،
ئاشتى يوقسۇل ھۆرمىتى.

زەپ چىرايلىق پىشىپتۇ،
يېڭى باغنىڭ مېۋىسى.

ماۋجۇشىنىڭ ۋاقتىدا،
بولدۇق يۇرتنىڭ ئىگىسى.

كۆچەت قويدۇق سايلىققا،
سۆگەت، جىگدە، تېرەكتىن.
ماۋجۇشىنى سۆيىمىز،
ھەممە مىللەت يۈرەكتىن.

يېزىمىزنىڭ كەڭ كەتكەن،
مۇنبەت ئېتىز-يېرى كۆپ.
ماۋجۇشىغا يۈرەكنىڭ،
مۇھەببىتى - مېھرى كۆپ.

گۈزەل يەكەن دەرياسى،
يېزىمىزغا يېقىندۇر.
ماۋجۇشىغا مۇھەببەت،
قەلبىمىزدە ئېقىندۇر.

كۆچەت تىكسەك ئۆتكەن يىل،
بۇ يىل كىردى ئۇلاققا.
ماۋجۇشىنىڭ مېھرىنى،
ئوخشىتىمىز بۇلاققا.

يېڭى چاپقان ئۆستەڭنىڭ،
مەرۋايىتتەك سۈيى بار.
قەلبىمىزدە داھىنىڭ،
نۇر چاقنىغان سۆزى بار.

توپلىغۇچى: ۋاھىتجان سابىر

قۇياش چىقىپ تاڭ بىلەن،
يېزىمىزغا نۇر چاچتى.
ماۋجۇشىمىز بىزلەرگە،
مەڭگۈ پارلاق يول ئاچتى.

بايراقتىكى بەش يۇلتۇز،
بەختىمىزنىڭ گۈلىدۇر.
دىلىمىزنى يورۇتقان،
ماۋجۇشىنىڭ سۆزىدۇر.

قاش ئۆستەڭنىڭ بېشىدا —
ئۆسكەن دەرەخ بىزنىڭكى.
رەھمەت تولا يۈرەكتە،
ماۋجۇشىغا كۆپىنىڭكى.

توسالمايدۇ ھېچنىمە،
ھەقىقەتنىڭ يۈزىنى.
كومپاس قىلىپ ماڭدۇق بىز،
ماۋجۇشىنىڭ سۆزىنى.

بۇلاق سۈيى سۈزۈك سۇ،
سەگىتىدۇ يۈرەكنى.
كۆرمىگەن بىز ئالەمدە،
ماۋجۇشىدەك زېرەكنى.

قاتار — قاتار تېرەكلەر،
يولغا سايە تاشلايدۇ.

ماۋجۇشىمىز بىزلەرنى،
چىن بەختكە باشلايدۇ.

يېڭى چاپقان ئۈستەڭنىڭ،
ئىككى قېشى ئېگىزكەن.
ماۋجۇشىنىڭ سۆزلىرى،
شەربەت تولغان دېڭىزكەن.

يېڭى باغنىڭ ئىچىدە،
بۇلبۇل، كاككۇك ئۈنلەيدۇ.
يۇرتىمىز، ناخشىمىز،
ماۋجۇشىنى كۈيلەيدۇ.

توپلىغۇچى: ئەمەتجان قېيۇم

## ئەمگەك ھەققىدە

ئەمگەك بىلەن قادىر بىز،
ھەر مۈشكۈلنى يېڭىشكە.
باشلاپ ماڭدى پارتىيە،
بىزنى نۇرلۇق بېھىشكە.

بولماي تۇرۇپ سىم تارى،
راۋاب چالسا ئۈنلەمدۇ؟
ھالال مېھنەت بولمىسا،
تۇرمۇشىمىز گۈللەمدۇ؟

ھەممىمىزنىڭ يېزىدا،
ئۆستى تاغدەك غەيرىتى.
بەختىمىزنى ياشناتتى،
يېڭى تۈزۈم قۇدرىتى.

ھالاۋەتكە ئېرىشتۇق،
ياراپ كەتتى بۇ جانلار.
تەرمىلىسەك مېھنەتنى،
يەتمەس قانچە داستانلار.

قالغاچلار ئۇچۇپ كەلدى،
گۈل باھارنى يارىم دەپ.
مەن بىلىمەن ئەمگەكنى،
تەندە قېنىم — جېنىم دەپ.

ئانار كۆلدە سىز تولا،
چۆرىسى قېلىن قاشلىق.

يېزىمىزنىڭ يېرى كەڭ،
بەك ئوخشايدۇ ئاش - ئاشلىق.

كۆل تېرىسام بېغىمغا،
ئېچىلىپتۇ رەڭمۇ - رەڭ.
خۇشال ئىشلەپ ھارمايمىز،
دەۋرىمىزنىڭ قويىنى كەڭ.

شولا چاچتى تولۇن ئاي،
يېزىمىزنىڭ ھۆسنىگە.
قىزىل گۈللەر تاقىدۇق،
ئىشچانلارنىڭ كۆكسىگە.

ئۆتمۈشتىكى چۆللۈكلەر،
بۈگۈن گۈزەل بوستاندۇر.
ئەۋزەللىكى ئەمگەكنىڭ،
تىلىمىزدا داستاندۇر.

ۋەتىنىمىنىڭ - ئېلىمىنىڭ،
يېزا - قىشلاق، شەھرى كۆپ.
ھالال مېھنەت - ئەمگەكنىڭ،
ياخشىلىقى - بەھرى كۆپ.

سۇچىلارنىڭ كەتمىنى،
پارقىرايدۇ ئاي بولۇپ.
گۈللەنمەكتە يېزىمىز،
ئەمگەك بىلەن باي بولۇپ.

ئەجەپ گۈزەل يايلاقكەن،
ئىككى تاغنىڭ ئارىسى.
مېھنەت گويا نۇر چىراق،
بىز ئۇنىڭ پەرۋانىسى.

تېرىقچىلىق باشلىنىپ،
ئىش قايىندى ئېتىزدا.
هالال مېھنەت تەرىپى،
بارچە دىلدا ــ ئېغىزدا.

بۇغداي تېرىدۇق يەرگە،
تاللاپ ياخشى ئۇرۇقلۇق.
بىز تولۇنئاي، مېھنەت كۈن،
ئالدۇق ئۇندىن يورۇقلۇق.

ھەرگىز بىكار كەتمىدى،
تۆككەن ھالال تېرىمىز.
ھالال ئەمگەك بەھرىدە،
يايراپ كەتتى تېنىمىز.

ئوخشاپ كەتتى ئېتىزدا،
بۇ يىل ھوسۇل بەك ياخشى.
مېھنەت بىلەن گۈل ئاچقان،
تۇرمۇشىمىز خوپ ياخشى.

يېڭى چاپقان ئۆستەڭدە،
سۇلار ئاقار شارقىراپ.
شاد ياشايمىز يېزىدا،
ئەمگەك بىلەن پارقىراپ.

تۇمشۇق تېغى ئېگىز تاغ،
چوققىسىغا كۆز يەتمەس.
قىممىتىنى مېھنەتنىڭ،
تەرىپلەشكە سۆز يەتمەس.

بىزنىڭ باغدا جىنەستە،
مېھمان بولۇڭ ھەۋەستە.

ئىشچانلارنى ئىلغايمىز،
ئىش قويىندا بەسبەستە.

راۋابىمنى ئالمامسەن،
ئۈجمە خەردىكىڭ بولسا.
قېنى ئىشقا ماڭمامسەن،
تاغدەك غەيرىتىڭ بولسا.

ئوغۇت بەرگەن قوناقنىڭ.
يوغان بولدى باشلىرى.
ئېتىزلارغا گۈل بولدى،
ئىشچان يېزا ياشلىرى.

يېزىمىزدا يۈلتۈزدەك،
يېنىپ كەتتى چىراقلار.
مېھنەت بىلەن كۈنسېرى،
يېقىن بولدى يىراقلار.

ئەجەبمۇ شېرىن ئىكەن،
يېڭى باغنىڭ ئۈزۈمى.
كۆڭلىمىزگە خوپ ياقتى،
ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى.

ئاپتاپپەرەس ھەر قاچان،
نۇرلۇق كۈنگە باقىدۇ.
يېڭى، ئادىل ئىش – تۈزۈم،
كۆڭلىمىزگە ياقىدۇ.

توپلىغۇچى: ئەمەتجان قەييۇم

# بالىلار قوشاقلىرى

مەكتەپ بىلىم ئوچىقى،
بەكمۇ گۈزەل قۇچىقى.
پارتىيىنى كۈيلىسەك،
ياڭرار بەخت قوشىقى.

مېھنەت بىلەن گۈللەيمىز،
بۇ شۆھرەتلىك ماكانىنى.
قەدىرلەيمىز، سۆيىمىز،
بۇ تەڭداشسىز زامانىنى.

مەكتەپ گۈزەل باغچىمىز،
ھارماي بىلىم ئالىمىز.
پەننىڭ چوڭقۇر تەكتىگە،
شۇڭغۇپ دادىل بارىمىز.

بەختىيار بۇ زاماندا،
ئەركىن ئۆستۇق، يايرىدۇق.
خۇددى گۈلدەك ـ چېچەكتەك،
پورەك ئاچتۇق ـ ئاينىدۇق.

«كوممۇنىزم ئىشىچۈن،
دائىم تەييار بولىمىز».
يېڭەلمەيدۇ مۇشەققەت،
پارلاق بىزنىڭ يولىمىز.

مەڭگۈ گۈللەپ ياشنايدۇ،
ھاياتىمىز باھارى.
ياشا ـ ياشا پارتىيە،
بەختىمىزنىڭ پاناھى.

رەتلىگۈچى: ئەمەتجان قېيۇم

# مۇھەببەت بېيىتلىرى

(4400)

قونا قىلىق ئاراسىغا،
تىزىپ قويدۇم تاش كاۋا.
ئاشنىلىق يار ئاشقاندا،
بولۇپ قالدى ئاشكارا.

مانتا پىشتى قاسقاندا،
بىللە يەيلى دوستىخاندا.
باقمايدىكەن مۇھەببەت،
يولىدىن ئاداشقانغا.

سەن ئۇ يەردە ئىنتىزار،
مەن بۇ يەردە ئىنتىزار.
سەن يارىمنىڭ دەردىدە،
گالدىن ئۆتمەيدۇ غىزار.

مەن كېتەرمەن باش ئېلىپ،
ئىككى قولامغا تاش ئېلىپ.
سۆيگىنىم يىغلاپ قالۇر،
قارا كۆزىگە ياش ئېلىپ.

يېمىشىما ـ يېمىشىم،
تاتلىققىنا يېمىشىم.
ئەمدى تاپتىم ياخشىنى،
ئەسكى بىلەن نېمىشىم.

قارىغايدىن ئوق چىقاردىم،
باغدا جانۋار ئاتقىلى.
ۋەدەڭ راستمىكىن يارىم،
قۇچاقلىشىپ ياتقىلى.

ئېگىز تاغقا يول ئالدىم،
تاپىنىمغا تاش قويۇپ.
يارىم قاچان ياتارمىز،
بىر تېكىردا باش قويۇپ.

راۋابىم پەدە ـ پەدە،
پەدىسى ئون بەش پەردە.
ئاخشىمى باراي دېسەم،
ئۆيىڭىز يىراق پەردە.

ئاتام بىلمەس، ئانام بىلمەس،
مېنىڭ ھالىمنى.
ئىگەم ئاللا ئۆزى بىلىدۇ،
سارغايغىنىمنى.

ئىشىك ئالدى ئېگىز قاش،
پالتا سالسام تېگى تاش.
سېنى ئالسام ئارمان يوق،
جاننى ئالغان قەلەم قاش.

ھەيدەپ ماڭدىم ھارۋىنى،
تارىمدىكى خامانغا.

گەپ قىلمىساك بولمامدۇ،
ماڭا ئوخشاش ياماندا.

ئايىم بىلەن ئايىمنى،
ئەلچى ئەۋەتتىم مەن ساڭا.
شۇنچە كۈتتۈم تەلمۈرۈپ،
ھېچ خەۋەر يوقتۇر ماڭا.

بۈگۈن ئايغا بەش بولدى،
قۇياش پېتىپ كەچ بولدى.
يارىم كېتىپ يىراققا،
كۆرۈشمەكمۇ تەس بولدى.

بۇ سالامنى مەن يازدىم،
كۆك رەڭلىك قەلەم بىلەن.
مۇھەببەت قەدرىنى بىلگەن،
قالمىسۇن ئەلەم بىلەن.

ھويلاڭدىكى كەپتەرنى،
مەن سايراشقا ئۆگىتەي.
دەرتلىرىمنى، زارىمنى،
دۇتار چېلىپ تۆكىتەي.

بۇ قوشاقنى مەن قاتقان،
جىگدە كۆلدىن كەلگىچە.
ۋەدىمىز ۋەدە بولسا،
ئايرىلمايمىز ئۆلگىچە.

ئالما ئاتتىم لەيلىتىپ،
ھويلىڭىزغا چۈشتىمۇ؟
دۈشمەن كۆزىنىڭ ھېلىسى،
كۆڭلىڭىزنى چىگىدىمۇ؟

ئالما ئاتتىم تاللىقا،
تالنى كەسكەندە چىقار.
شۇ يارىمنىڭ ئوتلىرى،
جان تالاشقاندا چىقار.

ئەجەبمۇ يارىشىپتۇ،
مەكتەپ ئالدىغا بىنا.
ئاز كۈن ئويناپ ئايرىلدۇق،
قايسىمىزدا بار گۇناھ.

ئەجەپ بوپتۇ بۇ ئايدىڭ،
يار بىلەن كۆرۈشكىدەك.
قاپاق تېرەك ئاستىدا،
ئولتۇرۇپ سۆيۈشكىدەك.

ئالمىلىق باغقا كىرىپ،
ئالما ئاتقان قارا كۆز.
تال چىۋىقتەك ئېگىلىپ،
جاننى ئالغان قارا كۆز.

ئوت كەتتى يا، ئوت كەتتى،
يۈرىكىمگە ئوت كەتتى.

خەۋەردار بولۇڭ يارىم،
يارىڭىزدىن خەت كەتتى.

كېتەرمەنمۇ، كېلەرمەنمۇ،
مىرادىمغا يېتەرمەنمۇ.
مېھرى ئاتەش يارىمنى،
بىر كۆرمەي ئۆلەرمەنمۇ.

بېغىمدىكى كاۋىنى،
ئېلىپ قويدۇم بارىڭغا.
ئەگەشمەيمەن پەندىيات،
كۆڭۈل دېگەن سارىڭغا.

ئات ئالدىم ئىگەر بىلەن،
باشقۇردۇم يۈگەن بىلەن.
مەن سىزگە كۆيۈپ قالدىم،
گەپ قىلماي يۈرگەن بىلەن.

پاكچۇ كۆينىكىم بولسا،
يازنىڭ ئېيىدا كەيسەم.
قارا كۆز مېنىڭ بولسا،
دۆشمەن ئالدىدا سۆيسەم.

دۇتارىمغا تارى يوق،
كۆيگەن ئوتقا چارى يوق.
دەردى بارلار يىغلايدۇ،
دەردى يوقنىڭ كارى يوق.

مەن باغىڭغا كىرسەم يار،
شاپتۇلۇڭ ئەجەب شاخلىق.
ئاغزىڭدا ناۋات بارمۇ،
سۆيسەم لەۋلىرىڭ تاتلىق.

ئانار تۈۋىدە سىز تۇرۇڭ،
چىنار تۈۋىدە مەن تۇراي.
قىزىل غۇنچە سىز بولۇڭ،
يوپۇرمىقى مەن بولاي.

ئاق ئالما، قىزىل ئالما،
ئالمىغا نەزەر سالما.
مېنى يار تۇتار بولساڭ،
باشقىغا نەزەر سالما.

زەمچى دەيدۇ، زەمچى دەيدۇ،
زەمچى بالىلار بىز ئەمەس.
بىرنى كۆرۈپ، بىردىن قاچقان،
نامەرد بالىلار بىز ئەمەس.

كۈن چىقىشتا دەرۋازىڭىز،
كۈن پېتىشتا ھويلىڭىز.
كۈندە چىقىپ قارايسىز،
كىمگە چۈشتى كۆڭلىڭىز.

بالداق سېلىپ مورەمگە،
سوغا چىقتىم كۆلۈڭگە.

دېمىگەنگە بولمىدى،
ئاشىق بولدۇم كۆزۈڭگە.

ئېگىز تۆگمەنگە ئون قويدۇم،
پەس تۆگمەنگە كۆلدۈرمە.
ساڭا مەن كۆيۈپ قالدىم،
دۈشمەنلەرگە بىلدۈرمە.

ئېرىقىڭنى مەن ئويدۇم،
ياندۇرۇپ يەنە ئويما،
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم،
دۈشمەن قولىغا قويما.

دەريا بويى قۇمۇشلۇق،
قۇمۇش يېنىدا قوناي.
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم،
يارىڭ بارمىكىن سوراي.

قارا مۇشنى تېرىسام،
ئۈنۈپ چىقتى يېشىل ماش،
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم،
جۈپ ئۆتەيلى قەلەمقاش،

ئەتىياز بولغان چاغدا،
ھەر ئېتىزدا ...ر زەمبىل.
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم،
ئەقىللىك بولساڭ ئۆزۈڭ بىل.

كۆتەرمەنمۇ، كۆتەرمەمۇ.
شۇنچىمۇ كۆتەرمەنمۇ.
كۆيۈپ قالغان يارىمنى،
سۆيەلمەي ئۆتەرمەنمۇ.

ئۆستەڭدىكى لاي سۇنى،
كۆلگە باشلىماق يارىم.
ئەقلى ھۇشىڭىز بولسا،
بىزنى تاشلىماق يارىم.

بىر كۆرۈپ سىنى قىزچاق.
غەمگە مۇپتىلا بولدۇم.
ئوتنى ياقتىڭ يۈرەككە،
ئاشىق، بىقارار بولدۇم.

بەلبىغىمنىڭ يوقلۇقىدىن،
بېلىمگە باغلىدىم ياغلىق.
خەق مېنى ساراڭ دەيدۇ،
يار دەردىدە مەن ئاغرىق.

يارىم سېنىڭ ئوتۇڭدا،
كۆيسەم مەيلى كۆيگىلىك.
ئۆلۈپ كەتسەم مەيلى ھەم،
ھامان بىر كۈن ئۆلگىلىك.

مەن دۇتارنى چالسەمەن،
تالسىمۇ بىلەكلىرىم.

قوپسام جانىم كۆيەدۇر،
ئولتۇرسام يۈرەكلىرىم.

ئاينى ئايغا قاتايمەن،
كۈننى كۈنگە قاتايمەن.
يارىم سېنىڭ دەردىڭنى،
قاچانغىچە تارتايمەن.

يولغا چىقتى يۇلۇچى،
مەنزىلى چەندان يىراق.
مەيلىم سىزگە چۈشۈپتۇ،
نە قىلاي ئۆچمەي پىراق.

يارىمنىڭ شېرىن سۆزى،
ئويناپ تۇرىدۇ كۆزى.
ئايمىكىن، ئاپتاپمىكىن،
ئالمىدەك مەڭزى، يۈزى.

دەردىنى دەردمەن بىلىدۇ،
ئاغرىقنى تارتقان بىلىدۇ.
دەرد يۈرەكتە قانچىلىك،
غەمگە پاتقان بىلىدۇ.

ئالتۇن قەپەزىم بولسا،
يېنىمغا قوياي دەيمەن.
سىز چىرايلىق يارىمنى،
يۈرەككە تاڭاي دەيمەن.

خەتنى يازدىم دالدىدا،
يىغلاپ تۇرۇپ دەرد بىلەن.
ئارىلىق يىراق بولسىمۇ،
كۆرۈشەيلى خەت بىلەن.

تېرەكنى كېسىپ قويدۇم،
قۇرىسا قالايمەن دەپ.
كىچىك قىزنى يار تۇتتۇم،
چوڭ بولسا ئالارمەن دەپ.

پالتا سالسام تېرەككە،
دەرزى كەتتى يۈرەككە.
ئادەم دېگەن ھۆل تېمە،
ئۆلمەيدىكەن كۆيەككە.

كۆيمىدى دەمسەن مېنى،
كۆل بولۇشنىڭ ئورنى يوق.
بىلىسەن ھەممە سىرىمنى،
ئېيتىپ يۈرۈشنىڭ ئورنى يوق.
سەن ھەم ماڭا كۆيمىگەچ،
ئوت قالاشنىڭ ئورنى يوق.

ئۆستەڭ بويى ئېگىز قاش،
كەتمەن سالسام تېگى تاش.
ئىچىمدىكى دەردىمنى،
سەن بىلەمسەن قەلەمقاش.

بىر باغقا ئانار سالدىم،
بىر باغقا يالاڭ توغاچ.
ئۆنتۈلۈپ كېتەلمەيمەن،
ماڭا كۆڭلۈڭ ئايان بولغاچ.

باھار بولساڭ، گۈل بولساڭ،
باغلاردا ئانار بولساڭ.
كۆيەك ئوتقا قالغاندا،
يۈرەككە داۋا بولساڭ.

ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ،
ئالما تاشلىغان يارىم.
ئالما تاشلىغان بولۇپ،
مۇھەببەت باشلىغان يارىم.

بۇغداي تېرىدىم تۈزگە،
ھەممىسى ئېسىل كۈزگە.
يامانلىق قىلمىغان سىزگە،
يامانلىق قىلدىڭىز بىزگە.

ئەجەبمۇ ياراشىپتۇ،
ئىشىك ئالدىغا باسقان تاش.
سەن يارىمنىڭ دەردىدە،
زەھەر بولدى ئىچكەن ئاش.

چوڭ يول بىلەن ماڭساڭچۇ،
بۇغدايلىقنى يول قىلماي.

راست گېپىڭنى قىلساڭچۇ،
غېرىب كۆڭلۈمنى گول قىلماي.

ئاتا لازىم، ئانا لازىم،
چىن دوستقا ۋاپا لازىم.
ۋاپادار سۆيگىنىڭ بولسا،
يەنە باشقا نىمە لازىم.

باغ ئىچىدە سەيلە قىپ،
گۈل تۈۋىدە تۇرىمەن.
سەن چىرايلىق يارىمنى،
ھەر ئاخشىمى سۆيىمەن.

يۈرۈڭ يارىم مەن بىلەن،
چىللاپ كەلدىم سەيلىگە.
مىنى ھەرگىز قىينىماڭ،
كىرىپ دۈشمەن كەينىگە.

بۇلبۇل ھەرگىز ئۇنۇتماس،
سايراپ تۇرغان باغنى.
ئادەم زادى ئۇنۇتماس،
باشتا سۆيگەن يارىنى.

ئاق سارايى بار ئىكەن،
زەدىۋالى يوق ئىكەن.
سۆيگەن يارى سەت بولسا،
ئەتىۋارى يوق ئىكەن.

ئاھ، ئىگەم پەرۋەردىگار،
ھالىمنى سورىساڭ نېم بولا.
مەندىكى ئوتنى ئاۋۋال،
يارىمغا سالساڭ نېم بولا.

يامغۇرلار تولا ياغسا،
مۇز داۋانلار پەسلەيدۇ.
دۈشمىنىمگە ئاگاھ بول،
بىزنى دائىم قەستلەيدۇ.

قارىسام كۆرۈنمەيدۇ،
مەلىگىز، تېرەكلىگىز.
شۇنچە كۆيسەم ئاھ ئۇرۇپ،
تۈيمىدى يۈرەكلىگىز.

قامچا گۈلدەك چىرايلىق،
ئەجەپ چاققان بويۇڭ بار.
سېغىنغاندا سۆيگىدەك،
خالى جايدا ئۆيۈڭ بار.

قار بىلەن يامغۇر يېغىپتۇ،
كەلمە يارىم ئىز بولۇر.
ئاخشام كېلىپ، سەھەر كەتسەڭ،
ئەل ئاغزىدا سۆز بولۇر.

مېنى موللا يىگىت دەيدۇ،
مېنىڭ موللالىقىم ياخشى.

سىنىڭدەك بىۋاپا ياردىن،
مېنىڭ يالغۇزلۇقۇم ياخشى.

بېشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ،
تۆت تالاسى ئەگمەك گۈل.
كۆڭلۈڭ بولسا كەل يارىم،
بىز ئوينايلى تەۋەككۈل.

ئۇشتىۋەتتى دۈشمىنىڭ،
تاللىۋالغان تالىڭنى.
بىۋاپانى يار تۇتساڭ،
سورىمايدۇ ھالىڭنى.

سەن ماڭا تاپا قىلدىڭ،
جېنىمغا جاپا قىلدىڭ.
يار ئىكەنسەن بىۋاپا،
ئايرىلىپ خاپا قىلدىڭ.

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار،
تېشى بار، توپاسى يوق.
ئەسلى كۆيمىگەن يارنىڭ،
دەردى بار، ۋاپاسى يوق.

كۆچەت تىكسەم شاخ ئايرىپ،
قاپقاراڭغۇ باغ بولدى.
بىۋاپانىڭ قىلغىنى،
يۈرۈكۈمدە داغ بولدى.

هارۋامنىڭ ئوقى كالتە،
خىيال بىلەن چۆرىيمەن.
ۋاپا قىلمىغان يارنى،
باش كۆزۈمدىن ئۆرۈيمەن.

چېچىمنى تولا دەيدۇ،
دەردىم تولا چېچىمدىن.
سەن قىلغان ۋاپاسىزلىق،
چىقماس زادى ئىچىمدىن.

قاپقارا بوران چىقتى،
توزۇتۇپ گۈل بەرگىنى.
كىمگە ئېيتاي، كىمگە يىغلاي،
بىۋاپانىڭ دەردىنى.

ئاقتۇر بىلىكىم، ئاقتۇر،
ياردىن تەلىيىم يوقتۇر.
ياردىن تەلىيىم بولسا،
ئۆلسەم ئارمىنىم يوقتۇر.

ئالمىلىق بېغىڭ بولسا،
ساراينىڭ نېمەسى بار.
سۆيگۈنىڭ ئوبدان بولسا،
چىراينىڭ نېمەسى بار.

ئۈچامدىكى چاپىنىڭ،
يانچۇقلىرى قايرىما.

ئەي خۇدايىم بەندەڭنى،
ئۆز يارىدىن ئايرىما.

كۈن قايرىلىپ كەچ بولدى،
يار ئەمدى كەلمەمدىكىن.
كۆڭلۈمدىكى يارىمنى،
خۇدايىم بەرمەمدىكىن.

سەھەر قوپۇپ، كەچ يېتىپ،
مەن يۈرۈيمەن تىلەكتە.
يىرىپ كۆرۈك ئىچىمنى،
ساق يەر بارمۇ يۈرەكتە.

ئاققىنا قۇچقاچ بولۇپ،
تال بويۇڭغا قونمىدىم.
ئارزۇلاپ ئاشنا تۇتۇپ،
جىر سۆيۈپمۇ قويمىدىم.

باغقا كىردىم گۈل ئۈزەي دەپ،
گۈل سۈيى گۈلگە تامار.
ئارزۇلۇقنىڭ ئارزۇلىرى،
يارنى كۆرگەندە قانار.

رەڭمۇ رەڭ تونى كىيىپ،
ھاۋادا ئۇينار كۆكۈل.
يامانىدىن نېرى تۇرۇپ،
ياخشىنى خالار كۆكۈل.

جان دوستۇم، جېنىم دوستۇم،
سەن مېنى خاپا قىلما.
ئالدىمدا كۈلۈپ قويۇپ،
كەينىمدىن تاپا قىلما.

باراڭنىڭ ئىچى سايە،
ئۈنىڭ چۆرىسى كۆلدۈر.
گۈل تۈۋىدە ئولتۇرغان،
مەشۇغۇم قارا كۆزدۈر.

مولىنى نەدىن تونۇيسەن،
سەللىسىدە قەسىمى.
يېڭى يارنىڭ دەردى تولا،
كونا يارنىڭ ئەلىمى.

ئايغا ئوخشتاي يارىم،
كۈنگە ئوخشتاي يارىم.
سىنىڭ زىلۋا بويۇڭنى،
كىمگە ئوخشتاي يارىم؟

قىلۋىدىن شامال چىقسا،
گۈل شاخىنى قايرىيدۇ.
خۇدا قوشقان يارىمنى،
دۈشمەن قانداق ئايرىيدۇ.

ئېگىز تاغقا چىقماڭ، خېنىم،
ئۈچۈپ كېتەرسىز.

چىرايلىققا بەرمەڭ كۆڭۈل،
كۆيۈپ تۈگەرسىز.

ئاتلارنى قويۇپ بەردۇق،
تاغدىكى قىياقلارغا.
يارنىڭ شولىسى چۈشتى،
سۇ ئىچكەن بۇلاقلارغا.

ئالما بەرسەم ئالمايسەن،
بىيە بەرسەم ئالمايسەن.
قايسى باينىڭ قىزىسەن،
مېنى كۆزگە ئىلمايسەن.

كېتىپ بارغان چوكانىنىڭ،
چېچى ئۇلاق ئوخشايدۇ.
شەرەت قىلسام ئۇقمىدى،
ئەقلى كالتە ئوخشايدۇ.

مەلىڭىزنى سۇ بېسىپتۇ،
ئۆتكىدەك جاي بارمىكىن.
يۈزىڭىزنى تور بېسىپتۇ،
سۆيگىدەك جاي بارمىكىن.

ئېرىق بولسا، چوڭ بولسا،
سۇنى قويسا تاشمىسا.
يار بولسا، ئوبدان بولسا.
قايرىپ سۆيسە قاچمىسا.

كۆيۈپ قالدىم سۆزۈڭگە،
قاشىڭ بىلەن كۆزۈڭگە.
تەندە جانىم ئاز قالدى،
دېيەلمىدىم ئۆزۈڭگە.

بېغىڭدا گۈلۈڭ يوقمۇ،
گۈل ئۈزۈپمۇ چىقمايسەن.
مەندىن خاپىمۇ شۇنچە،
چىرايىڭنى ئاچمايسەن.

ئۇيان ئۆتىمەن لەيلەپ،
بۇيان ئۆتىمەن لەيلەپ.
ئۆتىمەنۇ ـ ئۆتىمەن،
سەن يارىمنى كۆرەي دەپ.

دەريانىڭ ئۇ قاتىدا،
بىر قىزچاققا كۆيدۈم مەن.
ئەپەرسەڭ، شۇنى ئەپبەر،
ۋىجدانىمىزدىن تويدۇم مەن.

ئۆگزىگە چىقىۋاپسەن،
ساچىڭنى تۈكۈپ قويۇپ.
سەن ئالامسەن بۇ جاننى،
بىر قېتىم سۆيۈپ قويۇپ.

كۈن چىقىشتا داۋزىڭىز،
كۈن پېتىشتا ھويلىڭىز.

كۈندە چىقىپ قارايسىز،
كىمگە چۈشتى كۆڭلىڭىز.

ئەرەنچە تۇماقىڭنى،
قىستۇرۇپ بۇزۇۋەتمە.
بىز تېخى بالدۇر قىزدەك،
ئۈمىدنى ئۈزۈۋەتمە.

ئۆي ئالدىدا قۇم بولسا،
قاپاق تېرەك ئۆسمەمدۇ.
كۆڭۈلدىكى يار بولسا،
ھايات گۈلدەك ئۆتمەمدۇ.

ئوتمۇ بۇ، ئاتەشمۇ بۇ،
نەدىن تۇتاشتى ئۇ ماڭا.
مەندىكى ئوتنى، ئېلىپ،
ئول خۇدا سالسۇن ساڭا.

يولدا ياتقان چار يىلاننىڭ،
بويىنغا زەنجىر سالاي.
ئوتنى يوق بىھۇش يىگىتنىڭ،
ئىچىگە ئوتنى ياقاي.

يار نىگارىم سەن بىلەن،
بىللە كەلدىم سەيلىگە.
مېنى ھەرگىز قاخشاتما،
كىرىپ دۈشمەن كەينىگە.

ياغلىقىمنى يۇيدۇردۇم،
ئاق تالىغا يايدۇردۇم.
ساڭا بەرگەن كۆڭلۈمنى،
ئاران تەستە ياندۇردۇم.

ئاينى ئاسماندا دېسەم،
يەردىكى ئاي سەن گويا.
قىيىنساڭ قانداق قىلاي،
ئاز تولا قىلماي ھايا.

خۇدا دەيدۇ، خۇدا دەيدۇ،
خۇدا ئۆزى بىر ئاللا.
يۈرۈكۈمنى كۆيدۈردى،
قەندەك لېۋى يار بالا.

ئۆستەڭ بويىدا، باغدا،
قىلغان گەپلىرىڭ لىللا.
خەق سۆيسۇن نەچچىنى،
مېنىڭ كۆيگۈنۈم سەنلا.

لاچىن قونىدىغان تېرەك،
سويما سالىدىغان پىلەك.
ئون تۆت ياشتا يار تۇتۇپ،
يارغا قانىدىغان يۈرەك.

سەنمۇ ئېيتقىن دەردىڭنى،
مەنمۇ ئېيتاي دەردىمنى.

نەچچە ۋاختىن كۆيۈپسەن،
بىلمەپتىمەن دەردىڭنى.

تام تۈۋىدە ئولتۇرۇپ،
تام باستىمىكى يارنى.
چىرايى سارغىيىپ قاپتۇ،
غەم باستىمىكى يارنى.

ئاق ساراي، ئاپئاق ساراي،
ئالدىڭىزغا مەن باراي.
ئەپۇ قىلغىنا، يارىم،
ئولتۇرۇپ كۆڭلۈڭ ئالاي.

يارىمنىڭ ئۆيى باشتا،
بەلگىسى قارا قاشتا.
ئەمدى مەيلىڭ بولمىسا،
نېمىشقا ئوينىغان باشتا.

كېچە ياتتىم غەم بىلەن،
كىرپىكلىرىم نەم بىلەن.
قاچانمۇ كۆرۈشەرمەن،
گۈلى رەنا سەن بىلەن.

دەريادىكى بېلىقلار،
كۆز يېشىمنى يۇتتۇڭمۇ.
ھېچبىر خېتىڭ كەلمەيدۇ،
سەن مېنى ئۇنۇتتىڭمۇ.

ئىشىك ئالدىدا سېدە،
ئاتقا سالىمەن بېدە.
يار دەردى يامان ئىكەن،
بولدى يۈرۈكۈم زېدە.

ئېتىمنى قويۇپ بەردىم،
يېڭى چىققان قىياققا.
يار دەردى شۇنداق بولسا،
يۈرتتىن كېتەي يىراققا.

قاردىسام كۆرۈنمەيدۇ،
دەريا بويىدا تاللار.
مېنىڭ ئاھۇ - زارىمنى،
قارا كۆز قاچان ئاڭلار.

ئېگىز - ئېگىز ئۆگزەڭدە،
مەن ياتمايمەن، ئۆزەڭ يات.
يار دەردى شۇنداق بولسا،
يار تۇتمايمەن، پەندىيات.

باغ ئىچىدە بوستانلار،
يېقىلىپتۇ گۈلخانلار.
يار دەردىدە كۆپ يىغلاپ،
ئېقىپ كەتتى بۇ جانلار.

بېيت يازدىم يارىمغا،
قايغۇ - ھەسرەت، دەرد بىلەن.

خوش قىلساڭچۇ كۆڭلۈمنى،
ئوڭلۇققىنا گەپ بىلەن.

ناۋات تاتلىق، قەن تاتلىق،
ئۇلاردىنمۇ سەن تاتلىق.
سورىما يىلا بىر ئېغىز،
بولۇۋاپسەن سەن ياتلىق.

كۆيگۈنۈمنى سەزدىڭمۇ،
غېرىب بولدۇم بىلدىڭمۇ؟
كۆرۈنمەيسەن ھېچ يەردە،
تېرىكمۇ يا ئۆلدۈڭمۇ؟

ئۇرماڭ تاشنى ياقۇتقا،
ئوخشاش ئىكەن دەپ قاراپ.
كۆيدۇم دېمەڭ نادانغا،
كۆڭۈل بېرىپ ئالدىراپ.

ئاخشام ئۇچقان كەپتەرنىڭ،
پېيى قالدى تېرەكتە.
سەن يەتكۈزگەن ئەلەمنىڭ،
دەزى قالدى يۈرەكتە.

تۇتقان سوۋغام قىزىلگۈل،
قالدى سېنىڭ قولۇڭدا.
شۇندىن بۇيان تەلمۈرۈپ،
بولدۇم سېنىڭ كويۇڭدا.

سىغىنىپ يازدىم سالام،
بۇيى رەيھانىم ساڭا.
مەڭگۈ باغلىق بارلىقىم،
تەندىكى بارىم ساڭا.

باغ ئىچىدە، چىمەندە،
گۈل تۈۋىدە تۇرارمەن.
سەن چىرايلىق يارىمنى،
كۆرەلمەي ئاھ ئۇرارمەن.

ئەي قەلەمقاش ئېيتقىنا،
جۈپتى خۇمارىڭ بارمىدۇ.
مەن غېرىب ـ بىچارىگە،
قىلماق ئۇۋالىڭ بارمىدۇ.

چوڭ يولدا قاراپ تۇردۇم،
قايىقتىن كېلەركىن دەپ.
جانىم كەتسىمۇ مەيلى،
سەن ئۈچۈن ئازاب ـ غەم يەپ.

ئۇزۇن سايدىن سۇ كېلەر،
تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ.
يارىمنى خىيال قىلسام،
كېتەر ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ.

گۈل قىستىم قۇلاقىمغا،
باراشتى سىياقىمغا.

سەن قىلساڭ يامانلىقنى،
مەن قويدۇم خۇدايىمغا.

دەريا بويى قومۇشلۇق،
قومۇشلۇقتا بوز تورغاي.
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم،
يارىڭ بارمىكىن سوراي.

بۇغدايىنى ئالا قىلغان،
قۇچقاچ تىل بىلەن لويلا.
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم،
ئولتۇرۇپ راسا ئويلا.

سۇغا چىققىنىم ئۆستەڭگە،
ئەپكەش سېلىپ مۈرەمگە.
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم،
ئېيتىپ قويماي ئۆزۈڭگە.

يار دەردىدە ئاۋارە،
بولدى يۈرۈكۈم پارە.
دەرتلەر كەلدى بېشىمغا،
تارتماسقا نېمە چارە.

مەن سېنى كۆرۈپ جانان،
ئاشىق بىقارار بولدۇم.
ئوتنى ياقتىڭ يۈرەككە،
غەمگە مۇپتىلا بولدۇم.

ماڭا قاراپ ئىگىلمەس،
باغدىكى قىزىل ئالما.
مەن غىرىب بىچارىنى،
دوزاق ئوتىغا سالما.

لاچىنىم ئۇچتى پەلەككە،
مەنزىلى ئاندىن يىراق.
مەيلىمىز سىزگە چۈشۈپتۇ،
نە قىلاي ئۆچمەي پىراق.

مەن سۆيەرمەن بىر كۈنى،
يارىم ئامانلا بولسا.
ئېچىلارمەن خۇددى گۈلدەك،
بىر قاراپ نازلانسىلا.

يارىمنىڭ لىۋەن سۆزى.
ئويناپ تۇرىدۇ كۆزى.
ئايىمكىن، ئاپتاپىمكىن،
ئالمىدەك قىزىل يۈزى.

ئۇچاقىدىكى چەكمە نىمۇ،
مورىدىكى كەتمە نىمۇ.
كاككۇك كەبى سايرىدىڭ،
سەنمۇ مەندەك دەردمە نىمۇ.

كەپتىرىم كۆرۈنمەيدۇ،
كەپتەر ۋاز تۇتۇپ ئالدى.

غۇنچە بويلۇق قارا كۆز،
كۆڭلۈمنى ئۆتۈپ ئالدى.

بىزنىڭ مەھەللە بازاردا،
بارسىلا تاپالاملا.
مەن سالغان قىزدالغۇلىنىڭ،
سايىسىدا ياتاملا.

تولۇن ئايدەك يۈز بىلەن،
يارىم كەتتى مازارغا.
مەن ئۇچراپ قالارمەنمۇ،
يار ئۇچرىغان قازاغا.

تاپچا قىلىرىم ئوينايدۇ،
بىد دىلىكتە، ئەمەندە.
تۇنجى سۆيگەن شۇل يارىم،
تۇرۇپ قالدى سەمەندە.

ئوچاق سالدىم ھويلىمغا،
لاي بىلەن ھەم خىش بىلەن
كۆرگىلى بارالمىدىم،
يارنى مۇھىم ئىش بىلەن.

كېمىلەر ئۈزۈپ كەتتى،
دەريا بويى باشلامغا.
نېمە قىلساڭ، قىل مېنى،
ئازار بەرمە قوشنامغا.

ئاق ئۆرۈكنىڭ يېنىدا،
ئۈچكە چىقىپ يىگەن بىز.
ئىككىمىزنىڭ دوستلىقى،
قىيامەتلىك دىگەن بىز.

سەھەردە سايرىدى بۇلبۇل،
يۈرەك باغرىمنى قاندۇرۇپ.
دەردتە قويماڭلار مېنى،
قەدىناستىن تاندۇرۇپ.

سەھەردە سايرىغان بۇلبۇل،
ئەسلەتتى يىراقلارنى.
قانداق قىلىمەن كەتسەڭ،
سەن سالغان پىراقلارنى.

سىنىڭ باغىڭدا ئالما بار،
مېنىڭ باغىمدا ئانار.
سېنى ھەر قېتىم كۆرسەم،
يۈرەكتە ئاتەش يانار.

ھەمىشە سېنى تۇۋلاپ،
ئۆتتۇم يارىم مەلەڭدىن.
چالما ئاتسام تۇيمىدىڭ،
ئايلاندۇرۇپ چەللەڭدىن.

ئېگىز تاغقا چىقسام مەن،
ئەجەپ سالقىن ھاۋاسى.

ساڭا كۆيگەن يۈرەكىنىڭ،
تېپىلمامدۇ داۋاسى؟

يېڭى سالغان ھويلاڭنىڭ،
مەرمەر ئىكەن تاشلىرى.
يۈرۈكۈمنى كۆيدۈردى،
يارىڭنىڭ قەلەمقاشلىرى.

كۆڭلۈمدىكى شۇل يارنى،
چىللاپ كەلدىم سەيلىگە.
ئاغزىمدىكى گەپ قاچتى،
قاراپ يارىڭ پەيلىگە.

قاراپ باقسام يارىمنىڭ،
كۆڭلىنىڭ ئارامى يوق.
كېلىڭ يارىم ئوينايلى،
ياشلىقنىڭ يامانى يوق.

ناماز شامدا ئايغا باقتىم،
تاڭ سەھەردە چولپانغا.
ئەجەب ئىچىم ئاغرىيدۇ،
قارا قاشلىق چوكانغا.

ئۆستەڭ بويلاپ ماڭسىلا،
بۇغدايلىقنى يول قىلماي.
ۋەدە بەرسىلە بىزگە،
كىچىككەن دەپ گول قىلماي.

مەن بازارغا بارمايمەن،
نەرسە كېرەك ئالمايمەن
يارىنىڭ يوقكەن ۋەدىسى،
ئەمدى جاۋاب يازمايمەن.

يارىم قاچان كېلىدۇ،
بىلمەيمەن قارايىنى.
مەن بارسام تاپالمايمەن،
ئۇنىڭ ياتقان سارايىنى.

كەپتەر قوندى قەپەزگە،
خەتنى يازدىم قەغەزگە.
بۇ خېتىمنى بېرىپ تەگسۇن،
جانانىم قارا كۆزگە.

ئاق قۇشقاچ هارامزادە،
چار بۇغدايغا تويمايدۇ.
يارىنىڭ دادىسى زالىم،
ئوينىغىلى قويمايدۇ.

ئاخشام ياققان قار بىلەن،
ئۆستەڭ سۇيى قاتقانمۇ؟
بۇ مەلىگە كەلمەيسەن،
يۇرتنى ماڭا ساتقانمۇ؟

ئونۇتماڭلار، دوستلىرىم،
كېتەر بولدۇم يىراققا.

كۆيمەسكە نېمە چارە،
يارىم سالغان پىراققا.

ئاخشام قاچقان ئايغىر ئات،
سەكرەپ قاچتى خەندەكتىن.
ئۈچرىمايدۇ يار ساڭا،
ھايا تىلىقتا مەندەكتىن.

ئاخشىمى قاراڭغۇدا،
قاشقا ئوسما قويدۇڭمۇ؟
ئەتىۋالاپ يار تۇتۇپ،
ھايال ئۆتمەي تويدۇڭمۇ؟

كۆيدۈرسە، كۆيمەس ئىدىم،
ئەمدى كۆيدۈم، كۈل بولدۇم.
غازاڭ بولغان باغلاردەك،
سارغىيىپ، سامان بولدۇم.

يوللارنى تولا مېڭىپ،
ھالسىزلىنىپ تېلىقتىم.
مەن بۇ يەرگە كېلىپلا،
يار كۆزىگە چېلىقتىم.

يالاڭ ئاياق سۇ كەچتىم،
بۇلاق سۈيىنى ئىچتىم.
چىدىمايمەن يارىمغا،
ئەزىز جانىمدىن كەچتىم.

ھاۋانى بۇلۇت باستى،
قار ـ يامغۇرلار ياققىلى.
قانداق چاغدا تۇغۇلدۇم،
دەرد ـ ئەلەملەر تارتقىلى.

ئاسماندىكى سا بولدۇم،
يوللار يۆرۈپ خار بولدۇم.
جاي تېرەكتە يار قالدى،
بىر كۆرمەككە زار بولدۇم.

تاغدىن چۈشكەن تۆت ئاتلىق،
تۆتىلىسى بوز ئاتلىق.
تۆت ئاتلىقنىڭ ئىچىدە،
مېنىڭ يارىم سۇباتلىق.

ئۇنتۇلمايمەن يارىمنى،
مەن ئۆيۈمگە كەتسەممۇ.
كۆڭلۈم ياردىن ئايرىلماس،
جاپا ـ كۈلپەت تارتسامۇ.

خۇدا بەرگەن گۈلۈمنى،
دۈشمەنلىرىم ئۈزەلمەس!
مېنىڭ يارىم مەرد يىگىت،
باشقا بىرسى سۆيەلمەس.

سەن مېنىڭدىن سورىما،
بىل قاراپ چىرايىمدىن.

ئاشىق ـ مەشۇق بىر بولسۇن،
تىلەيمەن خۇدا يىمدىن،

بۇغداي ئۆگلۈك قارا قاش،
چىققىنا بىر تالاغا.
تال بويۇڭنى كۆرسەتمەي،
قويدۇڭ ئەجەپ بالاغا.

ئاق قۇشقاچقا ناۋات بەرسەڭ،
تەمىنى بىلمەس.
نادان قىزغا كۆكۈل بەرسەڭ،
قەدرىنى بىلمەس.

ئالما گۈلىدەك يارىم.
ئانار گۈلىدەك يارىم.
جان چىقارغا ئاز قالدى،
كۆيۈپ بۇ يۈرەك، يارىم،

ئاق ئۆتمەنىڭ قاشقىسى،
كۆك ئۆتمەنىڭ قاشقىسى.
ماڭا لازىم ئەمەستۇر،
سەن يارىمدىن باشقىسى.

ئۆستەڭنىڭ ئۇ قاتىغا،
سەكرەپ ئۆتتۈم ئات بىلەن.
كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن،
مۇڭداشمىدىم يات بىلەن.

سەن يارىم كەتكەن بىلەن،
ئوتۇڭ مەندىن كەتمىدى.
پىراقىڭدا يىغلىسام،
ئەرزىم خۇداغا يەتمىدى.

قەغەز بىلەن گۈل ياسىدىم.
سىيا بىلەن سۆز.
ئالتۇن بىلەن ئۈزۈك ئەتتىم،
ياقۇت بىلەن كۆز.

تۈندە يېزىپ خەت ئەۋەتتىم،
بولمىسىمۇ تۈز.
تۈز بولسىمۇ- بولمىسىمۇ،
ئوقۇڭ قارا كۆز.

خەت يازغانغا تۈگەمىدىكەن،
يۈرەكتىكى سۆز.
ھەر كىشىنىڭ تۇتقان يارى،
ئۆزمىكىدۇر - ئۆز.

تال - تال ئۆسكەن تېرەكىم،
توپ - توپ ئۆسكەن تېرەكىم.
كۆڭلۈمدىكى يارىمنى،
كۆرۈش ئىدى تىلىكىم.

يىغلىغان بىكار،
قاقشىغان بىكار.

باشقا يار بىلەن،
قىينالغان بىكار.

قارلىق تاغقا قار يېغىپتۇ،
بوستانغا تۇمان.
يارغا ياتنى لايىق قىپتۇ،
كۆڭۈلدە گۇمان.

كۆڭۈلنىڭ قارالىقى،
ئەسلىدە مەلۇم ئىدى.
قىز دىلگۇلدەك يارى تۇرۇپ،
يار تۇتۇش لازىممىدى.

كېچە-كۈندۈز يىغلاپ يۈرۈپ،
ئېتەكلىرىم تولدى ياشقا.
يەنە يىغلاپ نېمە قىلاي،
قارا قاشنىڭ كۆڭلى باشقا.

داۋزىڭىز بولغان بىلەن،
هويلىڭىزنىڭ تېمى پەس.
ۋەدىڭىز بولغان بىلەن،
كۆڭلىڭىز بىزدە ئەمەس.

ئاق تىكەندىن شىكەر ئالدىم،
كۆك تىكەندىن لەيلىگۈل.
سەن يارىڭغا جورا بولساڭ،
مەن يارىمغا دەستە گۈل.

دەستە گۈلنى يارغا بەردىم،
غۇنچىسى ـ بەرگى بىلەن.
سەن تېخى نادان ئىكەنسەن،
مەن تېخى ۋەدەم بىلەن.

تاڭ سەھەردە باغقا كەل،
مەي باغلىغان ئۈزۈم بار.
تال ـ باراڭنىڭ ئاستىدا،
ساڭا ئېيتار سۆزۈم بار.

يارىم سىزگە ئەرزىم بار،
كۆيۈپ قالغان قەرزىم بار.
ئازار بەرمەڭ جېنىمغا،
يۈرۈكۈمدە دەردىم بار.

ئاغزىڭىز كىچىككىنەم،
قايرىپ سۆيەي گۈلدەككىنە.

پەشلىرىڭنى قىستۇرۇپ،
خىزمەت قىلاي قولدەككىنە.

ئوتىمىزنى ئاچمىسىلا،
ئوغىمىزنى چاچمىسىلا.
ياشلىق دېگەن ھەر كىمدە بار،
بىزدىن ئۇنداق قاچمىسىلا.

توپلىغۇچى: «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدىن ئابلەت جۇمە



## باشقا بېيىتلار

بارساڭلار، سالام دەڭلار،
شۇل يارغا ئامان دەڭلار.
يار مېنى سوراپ قالسا،
چىرايى سامان دەڭلار.

كۆككىنە كەپتەر بولۇپ،
مېھمانخانىڭدا سايرىسام.
كەچ يېتىپ، سەھەر قوپۇپ،
ماڭغان يولۇڭغا قارىسام.

ئۇيان ئۆتۈپ يار دەيدۇ،
بۇيان ئۆتۈپ يار دەيدۇ.
باغۋەچچىنىڭ قىزلىرى،
پۇلۇڭ يوقكەن بار، دەيدۇ.

سوپىياڭ سېرىق بولۇر،
سېرىقى قېنىق بولۇر.
دەردتە قالغان كىشىنىڭ،
چىرايى سېرىق بولۇر.

قاشىنى ـ قاشقا قاتىڭىز،
مېنى تاشلاپ كەتتىڭىز.
يوقمىكەن خۇدا يىڭىز،
مېنى زار قاخشاتتىڭىز.

چاكاندانى سوقۇپ سالسا،
قازاندا چاي بولمامدۇ.
مۇسابىرغا كۆڭۈل بەرسە،
ئۇنىڭ ساۋابى بولمامدۇ.

سۇنى قۇيسام تولمايدۇ،
چوڭ ئېتىزنىڭ ئالىسى.
شۇنچە كۆيسەم بىلمەيدۇ،
زىدى پەسنىڭ بالىسى.

تاغدا كەكلىك سايرامدۇ،
باغدا كاككۇك سايرامدۇ؟
يارنىڭ كۆڭلى بولمىسا،
تام كەينىدە مارامدۇ؟

لىۋىم تەگكەن لىۋىڭنى،
باشقىغا سۆيدۈرمىگەن.
قاش ئېتىپ، كۆز ئويناتىپ،
كۆيدۈرمىگەن.

سۇ ئاچايمىكىن دەيمەن،
گۈللىرىم، گۈلزارىمغا.
خەت يازايمىكىن دەيمەن،
كۆڭلۈمدىكى يارىمغا.

دەريانىڭ ئۇ قاتىدا،
شال تارىتىدۇ شالچىلار.

كۆيۈپ قالدىم دەپ قويسام،
هال تارتىدۇ چوكانلار.

لاچىندەك قانات قېقىپ،
ئۆز يۇرتىغا كەتسە كىشى.
يار ئوتىدا كۆيسىمۇ،
مىرادىغا يەتسە كىشى.

يۈرەك باغرىم ئىزىلدى،
ئىشقى ئوتۇڭ ئۆرتىگەچ.
كېچە ـ كۈندۈز ئاھ ئۇرۇپ،
سەن يارىمنى ئويلىغاچ.

باغقا كىردىم سەھەردە،
قىزىل گۈلنى دۆرگىلى.
قىزىل گۈلدىن بوي ئالغان،
سەن يارىمنى سۆيگىلى.

كاككۇك بولۇپ سايرايمەن،
شاخىڭغا قونۇپ يارىم.
كېچە ـ كۈندۈز ئويلايمەن،
سېنى ئاھ ئۇرۇپ، يارىم.

ئامراق ئىدىم ئەجەبمۇ،
سەن مېھرىبان يارىمغا.
سېنىڭ ئۆچمەس ئوتلىرىڭ،
ئۆتۈپ كەتتى جانىمغا.

قىزىل گۈلنى دېمىسە،
بۇلبۇل بۇنداق سايرىماس.
ئاشىق قىلغان خۇدايىم،
مەشۇغىدىن ئايرىماس.

ئاق ناۋاتىنىغۇ ئالدىم،
كەمپۈت بىلەن قەن نەدە.
يۈرەككە سېلىپ ئوتنى،
سۆيۈملۈكۈم سەن نەدە؟

بىزنىڭ باغقا كىرگىن يار،
ئوخشاپ پىشقان ئۈزۈم بار.
ئاخشاملىققا چىق يارىم،
ئېيتىدىغان سۆزۈم بار.

سالام يوللىدىم، يارىم،
جاۋاب بېرىڭ خەت ئۈچۈن.
ئەھۋالىڭىز نامەلۇم،
غەمدە قالدىم دەرد ئۈچۈن.

قىزىل گۈل ئاراسىدا،
كۆرۈپ قالدىم بويۇڭنى.
ۋاپاسىز يار ئوينايسەن،
قاچانلىققا تويۇڭنى؟

يوغان چىنار توسۇۋالدى،
يېڭى سالغان كەپىنى.

كۆيۈشكەندە تەڭ كۆيگەن،
تەڭ تارتىلى بۇ دەردنى.

ئېگىز دۆڭگە چىقىۋېلىپ،
نەچچە مۇللاق ئاتقانلار؟
سالا ئوتقا سەپ قويۇپ،
مەندىن نېرى قاچقانلار؟

ئۇيان ئۆتۈپ قارايدۇ،
بۇيان ئۆتۈپ قارايدۇ.
يارىم ھەر كۈلۈپ قويسا،
كۆڭلۈم شۇنچە يايرايدۇ.

ئاسماندىكى لاچىن قۇش،
قاناتىڭنى پەسلەپ ئۇچ.
يەتكۈزۈپ بۇ نامەمنى،
يار ئالدىغا تاشلاپ ئۇچ.

بېغىڭدىكى ئالماڭغا،
چالما ئاتسام چۈشمىدى.
سەندىن باشقا قىزلارغا،
پەقەت كۆڭلۈم چۈشمىدى.

مەلەڭدىكى تېرەكنى،
كېسىۋەتسەم كەكىلەپ.
سەن ئالامسەن بۇ جاننى،
كۈلكەڭ بىلەن ئەكىلەپ.

كىچىك باللا ئوينايدۇ،
ئۆستەڭلەرگە تاش ئېتىپ.
نىمانچىلا قىينايسەن،
نازىك بىلەن قاش ئېتىپ.

ئۆگزىگە چىقتىم ئېگىز،
سۈپىدا سالدىم كېگىز.
سەن يارىمنىڭ دەردىدە،
يۈرەككە تىققاي بىگىز.

سالام خەتنى مەن يازدىم،
قولىڭىزغا ئالسىڭىز.
سىزگە ئاشىق بوپقالدىم،
كۆڭلىڭىزنى بەرسىڭىز.

ئىشىك ئالدى ئېرىقتىن،
ئاتلاپ قانداق ئۆتەرمەن.
سېنىڭدەك ۋاپاسىزدىن،
ئەمدى قانداق كېچەرمەن.

باغىڭدىكى ئالماڭدىن،
بىر ـ ئىككىنى يەپ قالدىم.
تولا كۆيۈپ ئىشقىڭدا،
ساراڭ بولاي دەپ قالدىم.

گاككۇكنى پاداھ تارتىپ.
زەينەپ نېرى كەتمەيدۇ.

يېڭى تۇتقان شۇل يارىم،
پەقەت ھالىمغا يەتمەيدۇ.

ياشلىقىم ئۆتۈپ كەتتى،
بىر — بىردىنى قوغلۇشۇپ.
ئوتىڭدا ئەجەپ كۆيدۈم،
چار يىلاندەك تولغۇشۇپ.

باغىڭدا ئەجەپ تاتلىق،
شاپتۇلۇڭ بىلەن ئالما.
ساڭا مەندەك كۆيگەندىن،
جاھاندا يەنە بارمۇ؟

پەغەز بارمۇ ئۆگزەڭدە،
دانلاپ يۈرەر كەپتىرلىك.
كېتەر بولدۇم يىراققا،
بارمۇ سېنىڭگە پايىرلىك.

سېنى دەپ كەلدىم بۇياققا،
قالدى نەدە ئاتلىرىم.
مېنى قىينارسەن ئوتۇڭدا،
يېتەر خۇداغا دادلىرىم.

يىراققا سەپەر قىلدىم،
مېنىپ قارا قاش ئاتقا.
كۆڭلۈم قانداق ئۇنىسۇن،
ساڭا ئوخشىماس ياتقا.

ئەل چىقمىغاندا چىقمىڭ،
سۈنى بىلله ئاچمىز.
ۋەدىگىمىزدە تۇرسىڭىز،
دەردنى بىلله تارتىمىز.

مەككىنىڭ مېھرابىدەك،
ئەگرى - بۈگرى قاشلىرى.
ئوتنى سېلىپ يۈرەككە،
نەگە قايدى باشلىرى؟

دادۇر قورۇدۇم ياغدا،
پۈرچاق قورۇدۇم ياغدا.
يار تۇتۇپ ۋاپاسىزدىن،
مەن قېپ قاپتىمەن داغدا.

تاش ئۆستەڭدىن سۇ تاشسا،
قاشلىغىلى بولمايدۇ.
دەسلەپىدە سۆيگەننى،
تاشلىغىلى بولمايدۇ.

ئېگىز ئۇچقان لاچىننى،
قاراپ كۆرگىلى بولماس.
ۋەدىسىدە تۇرغاننى،
ئالداپ سۆيگىلى بولماس.

باغدا كاككۇك سايرايدۇ،
چۆلدە توشقان ئوينايدۇ.

قاشى قارا قىزچاقلار،
مەلەم ئارا بويلايدۇ.

يارىم ئۆزى بەك چاققان،
ئاندىن شېرىدىن سۆزلىرى.
مېنى كۆرگەن چاغلاردا،
ئوينىاپ كېتەر كۆزلىرى.

سەن تۇرىسەن ئۇياقتا،
مەن تۇرىمەن بۇياقتا.
سەن بىلەن كۆرۈشكەندە،
خوراز چىللار ھەر ياقتا.

مەن بارايمۇ بۇياقتىن،
يار كېلەرمۇ ئۇياقتىن.
مەن يارىمنى تۇۋۇلسام،
سادا كېلۇر بولاقتىن.

كۆك ئاسماندا ئاق بۇلۇت،
لەرزان ئۇچۇپ يۈرۈيدۇ.
يارىم ئۆزى يىراقتا،
مېنى ئەسلەپ يۈرۈيدۇ.

ئىشلەيدۇ گۈزەل قىزلار،
بەكمۇ ئەپلىك قوللىرى.
سۆيگىنىمنى ئەسلەيدۇ،
لېكىن ئۇزۇن يوللىرى.

خاتىرىلىگۈچى: ئاقسا قمارال يېزا مەدەنىيەت پونكتىدىن. تۇردى رەھىم

## ئابلەت زېرىپ قوشاقلىرىدىن



ئابلەت زېرىپ 1938-يىلى ناھىيەمىزنىڭ يېڭىئۆستەڭ يېزا 7-كەنتتە دۇنياغا كەلگەن، 1948-يىلىغىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان، 1954-يىلىغىچە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان. شۇنىڭدىن بۇيان، ئۇ، دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. ئۇ، خەلق بېيىت-قوشاقلىرى ۋە مەشرەپ قوشاقلىرىنى ئۆزلۈكىدىن پىششىق ئۆگىنىپ ھەم ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇزۇن يىللار مابەينىدە كەڭ ئاممىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلدى. تۆۋەندە ئۇنىڭ بىر قىسىم قوشاقلىرىنى تونۇشتۇردۇق.

— مۇھەررىردىن

تاغقا چىقتىم بىر كۈنى،
تۇتىۋالدىم تۈلكىنى.
ئۆلمىسەك كۆرۈشەرمىز،
خۇدا بۇيرىغان كۈنى.

ھەقتى ئالا يەر قىلماس،
مەن غېرىبنىڭ ئاھىنى.
ئاڭلاپ تۇرسىلا يارىم،
بايان قىلاي مەن دادىنى.

كەلدىم يىراقتىن ئات سېلىپ،
سىز يارىمنى كۆرگىلى.
ئىنتىزارمەن، قاچمىسىلا،
لەۋلىرىگە سۆيگىلى.

كېچە ـ كۈندۈز يادىمدا،
قالغان تاتلىق سۆزلىرى.
ئەجەپ ئاشىق قىلدىغۇ،
جان ئالغۇچى كۆزلىرى.

ياتنىڭ ئۆتى ئۆچىدىكەن،
تاڭ ئېتىپ كۈن پاتقىچە.
يار ئۆتى ئۆچمەيدىكەن.
تاكى قىيامەتكىچە.

ساڭا مەن كۆيۈپ قالدىم.
كۆيەك ئۆتىگە ئاغا يوق.
ئىككىمىز بىر بولمىساق،
بۇندىن بىلەككە چارە يوق.

بولارمىكىن ئاشىقنىڭ،
مەھشەر كۈنى سوراقى.

يۈرۈكۈمدٮن ئۆچمەيدۇ،
سٮز يارٮمنٮڭ پٮراقى.

سېغٮندٮم ناھايەت ئۆزلٮرٮنى،
ئەجەپ شٮرٮن مۇبارەك سۆزلٮرٮنى.
قاچان بٮر كۆرەرمەن ئۆزلٮرٮنى،
قٮزٮل گۈلدەك چٮرايلٮق يۈزلٮرٮنى.

مېھرٮبان يارٮم ئۆزلٮرى،
شېرٮن زۇباندۇر سۆزلٮرى.
ئۆزلٮرٮگە ئوخشمايدۇ،
ھەر شەھەرنٮڭ قٮزلٮرى.

ھەر زامان كويۇڭدا يۈرسەم،
بٮزگە يوقمۇ سۆزلٮرٮڭ.
بٮزنى بۇنداق تاشلٮۋېتٮپ،
قانداق چٮدايدۇ يۈزلٮرٮڭ.

تاقٮتٮم يوقتۇر مېنٮڭ،
ھەر زامان كۆرسەم سېنى.
چارە يوقتۇر بۇ كۆيەككە،
ئٮنتٮزار قٮلدٮڭ مېنى.

ھەممٮسٮنى دەپ كەلسەم،
يۈرەكتٮكى دەردٮمنٮڭ.
يۈز كۈن بولدى خېتى يوق،
نٮگارٮمنٮڭ ـ يارٮمنٮڭ.

قارا ـ قارا قاشەرگە،
قەلەم يۇگۇرتاي.
سىلە قىلغان ياخشىلىقنى،
قاچان ئۇنۇتاي.

يول بويى باغلار ئارا،
مايسا كۆك بولدىمىكى.
قىز دىلگۇلدەك يارىمغا،
يار كېرەك بولدىمىكى.

تالى ـ مەجنۇن شاخلىرىدەك،
ئىگىلمەيدۇ بويلىرى.
هېچ ۋاقىت چىقماس ئېسىمدىن،
باغدىكى سۆيگەنلىرى.

ئوتتا كۆيسەم بولارمۇ،
چوغدا كۆيگىنچە.
سىزگە كۆيسەم بولارمۇ،
ياتقا كۆيگىچە.

ياتنىڭ ئوتى ئۆچەر ئىكەن،
ئۆيگە بارغىچە.
سىزنىڭ ئوتىڭىز ئۆچمەيدىكەن،
قىيامەتكىچە.

سىز يارىمنىڭ دەردىدە،
چىرايىمنىڭ قانى يوق.
يۈرۈكۈمدە كۆيگەن ئوتنىڭ،
دەرھەقىقەت سانى يوق.

## بىر قانچە قوشاقچىنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرىدىن

ئىشىكىڭنىڭ يېنى بار،
ئەتراپىدا تېمى بار.
سىز خېنىمنى دېمىسەم،
ماڭا يۇرتتا نېمە بار.

يۇرتىمىز ئوتتۇرىسىغا،
توغراق ئۈنۈپتۇ تولغىماچ.
ئۇچىغا چاڭگا تىزدىپتۇ،
بويىنى ئالا قارلىغاچ.

بويىنى ئالا قارلىغاچنىڭ،
بويىنىدا زەنجىرى بار.
بىزنى كۆيدۈرگەن خېنىمنىڭ،
بويىنىدا تۇمارى بار.

تام تۆپىسىدە بىر بۇغداي،
ئۈنى يەيدۇ جۇپ تورغاي.
قامچا بويلۇق يارىمغا،
دەرە سالسام نېم بولغاي.

ئاق سەللە، سېرىق سەللە،
كەيگەن تونلىرى مەللە.

ھېچقاچان كەلمەيتتىلە،
بۈگۈن نېم بولۇپ كەللە.

بازاردىن قوناق ئالسام،
يولدا چېچىلىپ كەتتى.
سىز يارىمنى بىر كۆرۈپ،
كۆڭلۈم ئېچىلىپ كەتتى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: دۆلەتباغ يېزا 11 ـ كەنتتىن ئابدۇرېھىم ئاخۇن

كۆيدۈمەن پاھ ـ پاھ يۈرەك دەپ، ئۆتتى بۇ بەڭباشلىقىم،
سىز خېنىمغا كۆيگەچ يۈرەك، قالمىدى بەرداشلىقىم،
ئاھ، يۈرەكدەپ زارلىسام، زاڭلىق ئېتەر سەبداشلىرىم،
شۇ ئوتۇڭدا مەستانە بولۇپ، ئۆتتى زىلۋا ياشلىقىم.

ئۆتتى ئۆمرۈم بىمەھەل بەڭباشلىقىمغا چارە قىل،
سەن مېنى كۆپ گوللىماي، راست گېپىڭ ئاشكارە قىل،
قارىسام كۆلۈپ تۆگەتمەي، سىرلىرىڭنى دوستانە قىل،
چارە قىل دەردىمگە سەن، دەرمانە ئالتۇن ياشلىقىم.

سەن مېنى يار دەپ قويۇپ، كوچىدا بولدۇڭ بېدىك،
خۇش جانان، يارىم دەپ، ئۆتتى بۇ سىندىق گۆدەك،
ئوت يېقىپ كەتكەچكە سەن، كۆيىدۇ دائىم يۈرەك،
نەربىيىسىز سۇنغان تېرەكتەك، مەنسىز دۇر ياشلىقىم.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات بازارلىق خەلقھۆكۈمىتى 7 ـ ئاھالىلەر كومىتېتىدىن سىدىق ساۋۇت

ئېگىز تاغقا چىقتىم مەن،
سىردىلىپ چۈشەلمىدىم.
چىرايىڭغا كۆيدۈممەن،
ئەقىلىڭگە ئىشەنمىدىم.

ئېگىز قارىغايلىق تاغدا،
بالاڭ بارمۇ تۇرۇمتاي.
سەن يارىمنىڭ كېپىنى،
قاچانغىچە ئۇنۇتاي.

ئاتنىڭ ئاتلىقى باردۇر،
ناۋاتنىڭ تاتلىقى باردۇر.
سەن ئۆزەڭنى داڭلايسەن،
سېنىڭدىن ئوبدىنى باردۇر.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاقاركۆل يېزىسىدىن مولا مەخسۇت

ئايلىخان، ئاۋايلىخان،
يار بولاي دەپ ئويلىغان.
ئايلىخاننىڭ چۆگۈنى،
بىر تال ئوتتۇندا قاينىغان.

مېكىيان تۇخۇ باقماڭ، ئۇكام،
سەھەر قانات قاقمايدىكەن.
چوكان ئاشنا تۇتماڭ، ئۇكام،
جۇۋاندەك باقمايدىكەن.

ھەر كىشىنىڭ دەردى بولسا،
كۆزلىرىدىن ياش كېلۇر.
بىر خۇشاللىق كەينىدىن،
بىر كۈن بېشىڭغا غەم كېلۇر.

باغۇ - بوستان ئەتكىلى،
چۆل - باياۋان ياخشىدۇر.
بىلسە - بىلمەس ئادىمىدىن،
بىلسە ھايۋان ياخشىدۇر.

ئېيتىپ بەرگۈچى: روزى ئاۋۇت، ئابدۇرېھىم يۇنۇس.

قۇرغۇي بولۇپ ئۇچۇپ كەت،
مەيلى يوققا تەگكىچە.
ئۆلسە بولمامدۇ كىشى،
شۇنداق ئەلەم چەككىچە.

قارىسام باغنىڭ ئىچى،
ئالا تورغاينىڭ ئىزى.
ئۆيگە بارسام قارىمايدۇ،
قېيىنئانام تازنىڭ قىزى.

كەتتى دەپ كۆڭلۈڭنى بۇزما.
كەتمىسەم نالەت ماڭا.
ئالتە تال قارا چاچىم،
ئۆلگىچە دۈشمەن ماڭا.

هاۋادا پىل – پىل قىلادۇر،
قارا مىلتىقنىڭ ئوقى.
يۈرىكىم جىغ – جىغ قىلادۇر،
قارا قاش يارنىڭ ئوتى.

جانىمغۇ بەردى خۇدايىم،
بىر كۈنى ئامانەت ئالىدۇ.
مىڭ مۇشەققەتلەر بىلەن،
سالغان ئىمارەت قالىدۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدىن ئىبراھىم سوپى.

غۇي پىلەكنى ئورناتتىم،
چوڭ ئۆستەڭنىڭ بويىغا.
زورلىماڭلار، دوستلىرىم،
ۋاپاسىزنىڭ تويىغا.

قىشتا قورۇلۇپ قاپتۇ،
يازدا كەيگەن چورۇقلار.
كۆز – كۆز قىلماي ئويناۋەر،
بەختى ئوچۇق، يورۇقلار.

تۈرمەل بىلەن قاش ئەتتۇق،
زەي دەريانىڭ بېشىغا.
ئەجەب مۇ كۆيۈپتىمەن،
ۋاپاسىزنىڭ قېشىغا.

ئېيتىپ بەرگۈچى: تۇردى رەھىم

يارىمىنىڭ چېكە ساچى،
چۈشۈپتۇ زىنا قىغا.
ئاغزىمىغا سۆيۈپ قويۇپ،
قالدىمەن پىرا قىغا.

ھارۋىڭىزنىڭ چاقىنى،
رومدىن ئوڭلاپ كېلىمەن.
يارىمىنىڭ رومالىنى،
بېلىمگە باغلاپ كېلىمەن.

قولىڭىزدىن سۇ ئىچسەم،
ئۇنى ھەسەل دەپ يۇتاي.
بىر يۇتاي - ئىككى يۇتاي،
سىزنى قانداق ئۇنۇتاي.

چاينى قويدۇم قىزىتىغا،
ئۆرۈۋەتتى يوتۇغا.
بىزنى قويدى ئوتىغا،
ئۆزى كەتتى يۇرتىغا.

قارلىغاچلار ئۇۋا ساپتۇ،
ئىشىك بېشى پەرماندا.

يارىم بىلەن ئىككىمىز،
قېنىشالماي ئارماندا.

توپ تېرەكلىك ھويلىدىن،
چىققان جۇۋاندىن ئايلىناي.
چېكىسىگە گۈل قىسىپتۇ،
غۇنچىسىدىن ئايلىناي.

چىنىنى بەرمەڭ نادانغا،
ئويناپ، ئويناپ سۇندۇرار.
بىۋاپا يار ـ سېكىلەك،
قاچان كۆڭۈلنى تىندۇرار.

باغ ئىچىدە ئېچىلىپتۇ،
گۈللەر تازا رەڭمۇ ـ رەڭ.
يۈرىكىمنى كۆيدۈردى،
بۇغداي ئەڭلىك سەۋزە رەڭ.

ئوغلاقچى كوچىسىدا، ①
ئاق جۇۋانىم بار ئىدى.
ئاق جۇۋانىنىڭ دەردىدە،
ماڭا كوچا تار ئىدى.

① ئوغلاقچى ـ ناھىيە بازىرى ئىچىدىكى بىر كوچا ئىسمى

قاپقارا كوكۇلاڭدا،
يېڭى باغنىڭ گۈلى بار.
مەن غېرىب بىچارىنىڭ،
سەندىن باشقا كىمى بار

ئىلىخودىن ئات ئالدىم،
مېنىپ چىقتىم يۈگەنسىز.
ئىچىمدىكى دەردىمنى،
چىرايىمدىن بىلگەنسىز.

ئۆگزەڭگە چىقىۋېلىپ،
قىلىسەن يوغان گەپنى.
سېنىڭ بىلەن مەن تارتماي،
كىم تارتىدۇ بۇ دەردنى.


پەيزاۋاتتىن كەلگىچە،
جىگدىگە يۆلەنگەنلا.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرۈپ،
نېمىشقا تۆرەلگەنلا.

ئوغاقنى بىلەپ قويدۇم،
يەڭدەك بىر بىلەي تاشقا.

مەن سىلىگە گەپ بەرگەن،
كۆيدۇممەن دېگەچ باشتا.

سۇنى ئالدىم سوغىغا،
سۇغا چىقىپ كۆلچەككە.
ھال پەيدا بولۇپ قاپتۇ.
بىزنىڭ يار خەلچەككە.

تۇپلىغۇچى: ئەمەتجان قېيىيۇم.



# ماقال - تەمسىللەر

(5000)



## ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى

ئىشلىسەڭ ئالىسەن، ئىشلىمىسەڭ قالىسەن.

ئىشلەپ كەيگەن ماتا تاۋاردىن ئارتۇق.

ئىشچانىنىڭ قولىدىن ئىش قېچىپ قۇتۇلالماس.

ئىشلىسە ئاي، ئىشلىمىسە ساي.

تىرىشچان كىشى ھەممە ئىشنى قىلار.

ھورۇنىنىڭ ئىشى مۈزلۇق.

ھورۇنلۇق باشقا، ئىشچانلىق ئاشقا.

ھورۇن كىشى ئاشتىن كېيىن قالار.

نادانلىق — ھورۇنلۇقنىڭ مەھسۇلى.

ئالاردا ئالمەك، بېرەردە بەزگەك.

پۇلنى سانايدۇ، كۈننى سانىمايدۇ.

ياخشى قىپتۇ دېسە، مەن قىلغان دەپتۇ.

يېمەستە ۋاي چىشىم، يېگەندە نېمە ئىشىم.

بۆرى ھوۋلىسا، ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ.

ئىت قاۋايدۇ، پايدا ئالالمايدۇ.

ئۆزىنى كۆرسەتكەن شىۋاق يېتىمدۇر.

قىش كۆرەڭلەيدۇ، باھاردىن قورقىدۇ.

چىرايى سوغۇقنىڭ ئىشىمۇ سوغۇق.

ھورۇننىڭ ئىشىكى ئاچ.

ھورۇننىڭ قولى جەينەككىچە كىر بولۇر.

ھاراق مەست قىلۇر، كىشىنى نەس قىلۇر،
ھاراق مەست قىلۇر، ئىشتىن پەس قىلۇر،
ھاراق مەست قىلۇر، ئىشنى تەس قىلۇر،
ھاراق مەست قىلۇر، جانغا قەست قىلۇر.

ھاراقنى كۆپ ئىچمىش — بالاغا يول ئېچمىش.

رۇمكىنىڭ تېشىشى، بالانىڭ تېشىشى.

ھاراق چىقىدۇ باشقا، تولىدۇ كۆزى ياشقا.

ھاراق ھاڭرىتار، ئەتىسى يىغلىتار.

جىنايەت — ھاراقتىن باشلىنىدۇ.

ھاراقنى كۆپ ئىچمىش — ئەقىلسىز ئادەمنىڭ ئىشى

كۆپ ئىچسەڭ شاراب، بولىسەن خاراب.

يولدىن چىققاي دېسەڭ، ھاراقنى كۆپ ئىچ.

ھاراقنىڭ تۇڭى بولغىچە،
تۇڭنىڭ سۇيى بولغان تۈزۈك.

هاراق خۇشاللىقنىڭ كۈشەندىسى.

هاراق بەختنىڭ دۈشمىنى.

قول تارتمىساڭ زەھەردىن، يىقىلمىسەن نەزەردىن.

هاراق ئىچمەك — پو ئاتماق، لايغا مىلىنىپ ياتماق.

هاراق بەكمۇ زىيانلىق، ئىشلىيەلمەيسەن پىلانلىق.

هاراق دىگەن زىيانلىق، بەرمەس ساڭا ئامانلىق.

هاراق يولدىن ئازدۇرار، ئۆزدىگە ئورا قازدۇرار.

هاراق ئوغا بولۇر، ئىچكەن مۇردا بولۇر.

هاراقنى باشلىغانلىق — هاڭغا قەدەم تاشلىغانلىق.

هاراقنى تاشلىغانلىق — يېڭى هايات باشلىغانلىق.

مەست ئازگالدا ياتار، يۈز-ئابرويىنى ساتار.

مەستنىڭ گېپى چىلىك، تېقىمى لىڭلىك.

مەستنىڭ ئەقلى قورساقتا.

مەستنىڭ گېپى بىر دەملىك.

مەست مۇش ئاتار، تەگمىسە ئۆزى ياتار.

مەست ئېيتىدۇ مەستلىكتە «مەن مەرد»،
ساقايغاندا — «ۋاي دەرد».

پۇلى باردا خۇش كۆتەرگەن مەست،
پۇلى يوقتا مۇش كۆتەرگەن مەست.

هاراق ئىچىپ بوزەكنى ئۇرغان مەست،
نوچىنى كۆرسە قاراپ تۇرغان مەست.

مەي ئىچىپ، خوتۇنىدىن سوراق سورىغان مەست.
خوتۇنى تىللىسا، ساقال يۇلغان مەست.

مەست گۆشكە چىقىپ، مۈش يەپ كىرىپتۇ.
مەستنىڭ سەھەري چۈش.
مەستنىڭ كۆزى گۆش ـ مايدا، پۈت ـ قولى لايدا.
مەست ئۆيگە كىرسە، كەشى تۆرگە چىقىپتۇ.

مەست ئەينەك ئالدىدا سايىسىغا مۈش تەڭلەپتۇ.
ئايالى تۇتۇۋالسا «سەن كىم بولىسەن؟» دەپتۇ.

مەست چوغنى كۆرسە كاۋاپ دەر،
قولى كۆيمىسە ئېلىپ يەر.

مەستنىڭ ھەيۋىسى تۆگىگىچە، بېشى يەرگە تېگىپتۇ.
مەستنىڭ تۆۋىسى شىشىنى كۆرگىچە.
مەست تالادا، بالىلىرى بالادا.
مەست هاراققا دوست، دۈمبىسى تاياققا دوست.
مەستنىڭ كۆزى قىزدا،
قوپالماي ياتىدۇ ئىزدا.

مەست گۆش يېسە، ئىت خىرىس قىپتۇ.

مەستتە نومۇس يوق، ئىشىدا دۇرۇس (يوق).

توپلاپ رەتلىگۈچى: ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدىن ئىياز قېيۇم.

قۇشتا نىجىمىنىڭ ئېشىنى ئوخشاتقان،
مەزىنا خۇنۇمىنىڭ ئوتىيېشى.

ياخشىلارنىڭ سۆپىتى ئىپار،
خۇشبۇيدىن جان ھالاۋەت تاپار.

ئەتىگە قالمىسا بۇگۈنكى ئىشى،
دۇنيادا غالىپ ياشار شۇ كىشى.

قېرىنداشلىق مېھرىڭنى،
ئۆز جېنىڭدىن ئايىما.

يوغان ئۈينىڭ قۇيرۇقى بولغىچە،
كىچىككىنە بىر توخۇنىڭ تاجىسى بول.

دوستۇڭ ئۈچۈن كۆڭلۈڭنى كەڭ دەريادەك تۇت،
دۈشمىنىڭ ئۈچۈن كىرپىكىڭنى ئوقيادەك تۇت.

ناھەق ئىشقا بولسا راۋان،
ئۆز ۋۇجۇدىنى قىلغۇسى ئۆزى ۋەيران.

يېرىم سۆز شالاقلايدۇ،
بىلمىسىز ۋالاقلايدۇ.

ئەسكى نوغۇچ تاختا بېشىدا تاراقلار،
ئەسكى خوتۇن ئوچاق بېشىدا ۋالاقلار.

ئىلىم ـ مەرىپەت راھەت ـ پاراغەتتىن ئەۋزەلدۇر.

بىر كۆزنىڭ كۆرگىنى ھامان،
ئىككى كۆزنىڭ كۆرگىنىگە يەتمەيدۇ.

ھايات شامالدەك، ياشلىق چاقماقتەك.

توپلىغۇچى: ئابلەت زېرىپ

ئادەمنىڭ ئالىملىقى سەزگۈرلىكىدىن،
پادىشاھنىڭ زالىملىقى ئەزگۈرلىكىدىن.

ئىشلەپ يەي دېسەڭ، بازارغا كىر،
يېتىپ يەي دېسەڭ، مازارغا (كىر).

بايغا ئوغۇل بولغىچە،
كەمبەغەلگە ئوغۇل بول.

بالاڭغا يان باسقىنىڭ،
بالاغا يان ياسقىنىڭ.

ماشىنا تاللىغان يولدىن قالۇر،
ئوغاق تاللىغان سولدىن (قالۇر).

ئىشچاندا راھەت،
ھورۇندا ئاپەت.

گۆر ئازابىنى ئۆلگەن بىلۇر،
يار ئازابىنى كۆيگەن بىلۇر.

ئىشلىگەننىڭ توققۇزى تەل بولۇر،
كۆپنىڭ ئەرزى ھەل (بولۇر).

ئىشچان ئالۇر ئاشنى،
ھورۇن ئالۇر تاشنى.

قىمارۋازنىڭ ئۇتقىنىغا ئۆي قويۇلماس.

پۇل – پۇلنى تاپار،
ئالدامچى گولنى (تاپار).

لاينىڭ ئوبدىنى كاكۇل،
ئادەمنىڭ ئوبدىنى ئاقىل.

ئاقىل كىشى باغدا ئۆلۈر،
نادان كىشى تاغدا (ئۆلۈر).

تۈزچىنىڭ ئېشىكى يېغىر بولۇر،
ھورۇننىڭ جايى ئېغىل (بولۇر)

خاتىرىلىگۈچى: ئاقساقمارال يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتىدىن ئوسمان رەشىت

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: جۇمە ئابدۇللا
خەرىتە ۋە سۈرەتلەرنى تەييارلىغۇچى: قادىرجان ئاۋۇت

中国歌谣谚语卷新疆集巴楚部分
维吾尔民间歌谣

巴楚县“三集”筹备领导小组编辑
《喀什日报》印刷厂印刷
1092×787 毫米 32 开本 3.375 印张
1989 年 9 月 1 日 出版
印刷：3000

书号： 35